بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني



2

2016

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم - مەدەنىيەت ژۇرنىلى

www.uyghurkitap.com







2016 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوۋئەن، مەركىزى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سى تا، جەمئىيىتىمىزنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن خاتىرىلەش يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدى.





خاتىرىلەش يىغىنىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ۋەكىللىرى قاتناشتى.




2016 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى كونا مەكتەپداشلار ۋە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.




2016 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى ''سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى تەربىيەسىنى مەكتەپلەرگە ئېلىپ كىرىش'' سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.




2016 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.



2016 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە، 2016 ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى رامزان، يۈنۇس تارتقان)

# جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2016 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق چوڭ سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن، مەركىزى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سى تا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھىلاللىددىن چېن گۇاڭيۈەن خاتىرىلەش يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلاللىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى.

ۋاڭ زوئەن مۇنداق دېدى: ”60 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى، سىياسىي ئىدىيە قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تەپسىر ۋە شەرھشۇناسلىق ئىدىيەسى مائارىپىنى كۈچەيتىپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى قۇرۇلۇشى جەھەتتە دىنىي كەسپىي دەرسلىك، ئاساسلىق دەرسلىكلەر ۋە چەتئەل تىلى دەرسلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ يۈرۈشلۈك جەمئىي 15 پارچە كىتاب تۈزۈپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى مائارىپىدا بىر تۇتاش تۈزۈلگەن دەرسلىك بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەردى، مەملىكەتتىكى دىنىي ئىنستىتۇتلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى، بۇ ئالاھىدە تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ. 1980 ـ يىلى ئوقۇتۇش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر، 1500دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈردى، ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ تايانچى خادىملىرىغا ئايلاندى. جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىدا ئەڭ مۇھىم ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش بازىسىغا ئايلىنىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى“.

ۋاڭ زوئەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ”جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەشتە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش دولقۇنىنى قوزغاش ھەمدە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇش جەھەتتە كۈچلۈك مۇسبەت ئېنېرگىيەسى توپلاش لازىم. بىرىنچى، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆلىنىشىدە باشتىن ـ ئاخىرى چىڭ تۇرۇش لازىم. ۋەتەننى سۆيىدىغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، دىنىي بىلىمى بار، دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادىسىگە ئىگە ھەمدە ئېتىقادچى ئامما بىلەن ئالاقە باغلىيالايدىغان دىنىي كەسپىي خادىملار قوشۇنىنى تىرىشىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم. ئىككىنچى، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەلەرنىڭ زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ھوشيارلىقنى ساقلاپ، مۇستەھكەم سىياسىي ئاڭ، ئومۇملۇق ئېڭى ۋە كرىزىس ئېڭى يېتىلدۈرۈش، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئېڭى ۋە دىنىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇنداقلا دۆلىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگولىشىش يۆلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىش لازىم. جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈشتىكى مۇھىم تەتقىقات بازىسى بولۇپلا قالماي، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەلەرگە قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم مەيدان بولۇشى لازىم. ئۈچىنچى، مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتى دىنىي مەكتەپلەر ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشىنىڭ ئاساسى بولۇپ، سۈپەتلىك مەكتەپ باشقۇرۇشنى قىبلىنامە قىلىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك مەكتەپ باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز خۇلاسىلەپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تەتقىقات ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى كۈچەپ يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم“.

ھىلاللىددىن چېن گۇاڭيۈەن سۆزىدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ 60 يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىچە تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، دەرسلىك تۈزۈش، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش، ئۇنۋان بېرىش ۋە ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن پەخىرلىنەرلىك نەتىجىلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”ئۆتمۈشكە قارايدىغان بولساق چىن كۆڭلىمىزدىن خۇشاللىنىمىز. بىز 60 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ۋە شەرەپلەردىن پەخىرلىنىمىز، بىراق ئەستايىدىللىق بىلەن قانداق قىلىپ يېڭى كۈيلەرنى ياڭرىتىش ھەققىدە ئويلىنىشقا تېخىمۇ موھتاجمىز. باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىدا ‘سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، دىنىي جەھەتتە بىلىملىك، ئەخلاق جەھەتتە ئاۋامنى قايىل قىلالايدىغان، ھالقىلىق پەيتتە رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئۆلچەم بويىچە دىنىي ساھەنىڭ ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى قۇرۇشنى قوللاش لازىم’ دەپ كۆرسەتتى. (داۋامى 63 ـ بەتتە)

المسلم الصينى

# مۇندەرىجە

## ئالاھىدە خەۋەرلەر


جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.................................................... (1)


## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى


ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ھەمدۇسانا ..................................................
ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس ........................................................ (4)

تەپسىر ۋە تەئۋىل ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ..................................
مۇھەممەدئەمىن مەخمۇت....................................................... (9)


## قۇرئان كەرىم تەپسىرى


بىز ئادەم بالىلىرىنى ئەزىز قىلدۇق — سۈرە«ئىسرا» 70-ئايەتنىڭ قىسقىچە تەپسىرى.........................................شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد(12)


## ھەدىس شەرىف تەھلىلى


قازا-قەدەرنى پەقەت دۇئا-ئىلتىجالا قايتۇرىدۇ، ئۆمۈرنى ياخشى ئەمەللەر ئۇزارتىدۇ ...................................................................
ئادىل ھاجى كېرىم.................................................................(16)


## ئەمەل ۋە ئىبادەت


ئۇنۇملۇك ۋەز سۆزلەش— جامائەتنى توغرا يېتەكلەشنىڭ ئاساسى ...........
ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد.............................................................(21)


## ۋەز-تەبلىغ


ئىسلام دىنى مائارىپىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ...........................................
مۇھەممەديۈسۈپ ھۈسيىن..........................................................(29)

ئىلىمنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساس سالايلى ...........................
مۇھەممەد ئابدۇلئەزىز.............................................................(33)






**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى**

**中国穆斯林**

(پەسىللىك ژۇرنال ئومۇمىي 119-سان)

（季刊　　总第 119 期）

**پەخرىي باش مۇھەررىر:** شەمشىدىن ھاجى

**باش مۇھەررىر:** ئادىل ھاجى كېرىم

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** ھاجى بارات رەجەپ

**مۇھەررىرلەر:** ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر

مۇھەممەدئەمىن مەخمۇت

**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى، تېخرىداكتور:**

شەمشىنۇر ھوشۇر

**名誉主编**: 夏米西丁 · 哈吉

**主编**: 阿地里江 · 阿吉克力木

**副 主 编**: 巴拉提 · 拉吉甫

**编　辑**: 安尼玩买买提

买买提阿布拉 · 艾买尔

买买提明 · 买合木提

**美编、排版**: 夏美希努尔 · 吾守尔

刊号 ISSN1007－5836 : خەلقئارالىق نومۇرى

CN11－1346/B :دۆلەت ئىچى نومۇرى

邮发代号 : 58—167: پوچتا ۋاكالەت نومۇرى



**E-mail: hedayet@126.com**


جەمىيىتىمىز ئۇيغۇرچە تور بېتىگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭ:

**http://uyghur.chinaislam.net.cn**

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە

## ئەخلاق-پەزىلەت

راستچىللىق ئەقىدىسى توغرىسىدا ........................................
........................ مۇھەممەدئابدۇللا ئابدۇغېنى(36)

## ئاتا-ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر

پەرزەنت تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرەيلى ..............................
.............................. تۇرسۇننىياز ئاۋۇت(39)

پەرزەنت تەربىيەسى تەخىرسىز مەسئۇلىيەتتۇر ..............................
..............................ئابدۇغوپۇر ئابدۇرېھىم(41)

## ئىسلام ئالىملىرى

ئىمام سۇيۇتى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ھاياتى ..............................
.............................. مۇھەممەد ئابدۇرېھىم(45)

## مەسچىت-مەدرىسلەر

گۇچۇڭ خانئېرىق چوڭ مەسچىتى ..............................
.............................. جارۇللا يۇسۇپ(49)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

بەزى ياشلار سەل قاراۋاتقان بىر ئىللەت توغرىسىدا ..............................
.............................. ئابلىتىپ مامۇت(52)

## خەلقئاراغا نەزەر

دىنىي ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە ئىناقلىقىنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندۇرايلى
—ماراكەش "ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئاز سانلىقلارنىڭ دىنىي ھوقۇقى"
خەلقئارا يىغىنى خاتىرىسى...... ئادىل ھاجى كېرىم، ئابدۇلھېكىم ما جيې(56)

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش بىناسى

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى خاربىن مەسچىتى

بۇ سان 2016-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغا تەۋە. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماي تۇرۇپ، ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ياكى باشقىچە ئۇسۇلدا ئىشلىتىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

2016
2

**مەسئۇل ئورۇن:** دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
**باشقۇرغۇچى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
**تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى:** «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ خوڭۋېي شۇاڭخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
**مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:**
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**ئادرېس:** بېيجىڭ شەھىرى شىچېڭ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 100053
**تېلېفون نومۇرى:** (010) 59313090, 59313021
**شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:**
ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلوڭجياڭ يولى 280 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830002؛
**ئالاقىلەشكۈچى:** مۆھتەرەم شېرىپ، مۇھەممەدئەلى
**تېلېفون نومۇرى:** (0991) 5508063
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ(بېيجىڭ 399 ـ خەت ساندۇقى)

主管单位：国家宗教事务局
主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：北京宏伟双华印刷有限公司
订阅、发行：全国各地邮局，乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维编部
地址：北京市西城区南横西街 103 号
邮编：100053
电话：（010）59313090，59313021
新疆发行站：乌鲁木齐市黑龙江路 280 号
邮编:830002　电话：（0991）5508063
联系人：木哈提然木·西日甫，买买提艾力
国外发行：中国国际图书贸易公司
（北京 399 信箱）



# ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ھەمدۇسانا

ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

قۇرئان كەرىمدە جەمئىي 23 ئورۇندا اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ كەلىمىسى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، سۈرە«فاتىھە»دىن باشقا سۈرە«ئەنئام»، سۈرە«كەھف» ۋە سۈرە«سەبەئ» سۈرىلىرىمۇ ﴿اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ﴾ بىلەن باشلانغان. **﴿بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاخىرەتتىمۇ ھەمدۇسانامۇ ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾**[1]. قۇرئان كەرىمدىكى مەدھىيە ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەردىن بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە: **﴿پەرىشتىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتقان، ھەمدۇسانا ئېيتقان ھالدا ئەرشنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلار(يەنى بەندىلەر)نىڭ ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، "بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!" دېيىلىدۇ﴾**[2]. **﴿گۈلدۈرماما ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ﴾**[3]. **﴿يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن، سىلەر ئۇلارنىڭ تەسبىھ ئېيتقانلىقىنى سەزمەيسىلەر﴾**[4].

رەببىمىز ئاللاھ كىتابى قۇرئان كەرىمنى "بىسمىللاھ" ۋە "ھەمدۇسانا" بىلەن باشلىغان. قۇرئاننىڭ تۇنجى سۈرىسى، "كىرىش" ياكى "باشلىنىش" مەنىسىدە كەلگەن فاتىھەنىڭ ﴿اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ **﴿بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر﴾**[5] دېگەن ئايەت بىلەن باشلىنىشى، بىزلەرگە ياخشى ئىشلارنى ئاللاھقا ھەمدۇسانا بىلەن باشلاشنى ئۆگەتمەكتە. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلانمىغان ھەرقانداق مۇھىم ئەمەل بەرىكەت تاپمايدۇ"**[6].

ئاللاھ تائالانىڭ تۇنجى سۈرىنى مەخسۇس ھەمدى ئېيتىشقا ئاجراتقانلىقى ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. بۇ سۈرىدە رەببىمىزگە قانداق ھەمدۇسانا ئوقۇش، قانداق

[1] سۈرە«سەبەئ»(34 ـ سۈرە)، 1 ـ ئايەت.

[2] سۈرە«زۇمەر»(39 ـ سۈرە)، 75 ـ ئايەت.

[3] سۈرە«رەئد»(13 ـ سۈرە)، 13 ـ ئايەت.

[4] سۈرە«ئىسرا»(17 ـ سۈرە)، 44 ـ ئايەت.

[5] سۈرە«فاتىھە»(1 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت.

[6] ئىبنى ماجە، 1894 ـ ھەدىس، كىتابۇن نىكاھ.

ئىمان ئېيتىش ۋە قانداق دۇئا قىلىش ئۆگىتىلگەن. بۇ سۈرىنىڭ بىر نەچچە ئىسمى بولۇپ، خەلقىمىز ئارىسىدا "ئەلھەمدۇ سۈرىسى" دەپ ئومۇملاشقىنىمۇ ئەنە شۇ نۇقتىدىن بولسا كېرەك. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى قۇدۇسىي ھەدىس بۇ سۈرىدىكى ھەمدۇسانا ئېيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنتايىن گۈزەل شەكىلدە تەكىتلەپ بەرگەن: "مەن نامازنى ئۆزۈم بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم، يېرىمى مەن ئۈچۈن، يېرىمى بەندەم ئۈچۈن. بەندەم نېمىنى سورىسا، شۇ نەرسە بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بەندە ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ **﴿ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر﴾** دېسە، ئاللاھ تائالا: "بەندەم ماڭا ھەمدى ئېيتتى، ئۇنىڭغا نېمە سورىسا بېرىلىدۇ" دەيدۇ. بەندە: ﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ **﴿ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر﴾** دېسە، ئاللاھ: "بەندەم ماڭا سانا ئېيتتى، ئۇنىڭغا نېمە سورىسا بېرىلىدۇ" دەيدۇ. بەندە: ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ **﴿قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾** دېسە، ئاللاھ تائالا: "بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى، مانا بۇ مەن ئۈچۈن. بۇ ئايەتنىڭ يېرىمى مەن ئۈچۈن يېرىمى بەندەم ئۈچۈن" دەيدۇ. بەندە: ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ **﴿رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنىلا ياردەم تىلەيمىز﴾** دېسە، ئاللاھ تائالا: "مانا بۇ مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، ئۇنىڭغا نېمە سورىسا بېرىلىدۇ. فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئاخىرى بولسا بەندەم ئۈچۈن، بەندە: ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ. صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ **﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن﴾** دېسە، ئاللاھ تائالا: "بەندەمنىڭ بۇ تىلىكى ھاسىلدۇر، ئۇنىڭغا نېمە سورىسا بېرىلىدۇ" دەيدۇ[1].

ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم ئىبادەت ھېسابلىنىدىغان ناماز، باشتىن - ئاخىر ئاللاھ تائالاغا ھەمدى ئېيتىدىغان ئىبارىلەرگە تولغان. يۇقىرىدىكى قۇدۇسىي ھەدىستىكى: "مەن نامازنى ئۆزۈم بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم" دېگەن جۈملىدىكى نامازدىن مەقسەت، فاتىھە سۈرىسىدۇر. چۈنكى، بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە "ئەلھەمدۇلىللاھ" دەپ باشلانغان فاتىھە سۈرىسى بىلەن ئاللاھ تائالاغا كۈندە قىرىق قېتىم ھەمدۇسانا ئېيتىلىدۇ. نامازنىڭ بېشىدا سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ **(ئى ئاللاھ! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، سېنى مەدھىيەلەيمەن)** دۇئاسى ئوقۇلىدۇ. رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ **(ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئېيتىلغان ھەمدىلەرنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ)** دېيىلىدۇ. "ئاللاھۇممە سەللى ئەلا" بىلەن "ئاللاھۇممە بارىك ئەلا" دۇئاسىدا إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ **(سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن)** دېيىلىدۇ. نامازنىڭ ئاخىرىدىكى زىكىر - تەسبىھلەردە بولسا، ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ مەدھىيە ئوقۇلىدۇ.

"ھەمد" كەلىمىسى، ياخشىلىق، گۈزەللىك، ماختاش ۋە مەدھىيەلەش قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش، ھەمدۇسانا ئېيتىش، ئۇلۇغلاش ۋە ماختاش مەنىسىدە كەلگەن. ئادەتتە "ھەمد" كەلىمىسى "شۈكۈر" كەلىمىسى بىللە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما "ھەمد" كەلىمىسى "شۈكۈر" كەلىمىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ مەنىلەرگە ئىگە[2]. ھەر ھەمدى بىر شۈكۈر بولالايدۇ. ئەمما ھەر شۈكۈر بىر ھەمدى بولالمايدۇ. شۇڭا ھەمدى ئېيتقان كىشى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە شۈكۈر ئېيتقان ھېسابلىنىدۇ. ھەدىستە: "**ھەمدى ئېيتىش شۈكۈر قىلىشنىڭ بېشىدۇر. ئاللاھقا ھەمدى ئېيتمىغان كىشى تەشەككۇر ئېيتمىغان بولىدۇ**"[3] دېيىلگەن.

"سانا" ئاتالغۇسىمۇ مەنا جەھەتتە ھەمدىگە يېقىن بولۇپ "ھەمدى ئېيتىش، شۈكۈر قىلىش ۋە مەدھىيە ئوقۇش" قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر ھەمدى بىر مەدھىيە بولالايدۇ. ئەمما ھەر مەدھىيە بىر ھەمدى بولالمايدۇ. ھەمدى ماختاش، ئالقىشلاش، سانا ئېيتىش ۋە مەدھىيەدۇر. ھەمدى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش ۋە تەقدىرلەشتۇر. ھەمدى يېڭى نېمەتكە ئېرىشكەندە، ياخشى ئىش قىلىش ئالدىدا ياكى بىرەر مۇسىبەتكە يولۇققاندا، شۇ نېمەتنى بەرگەن، ياخشى ئىشنى نېسىپ قىلغان ۋە مۇسىبەتتىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھ تائالانى ئەسلەيدىغان ۋە ئۇلۇغلايدىغان تونۇشقا كېلىشتۇر. ھەمدى ياخشىلىق قىلغۇچىغا چىن قەلبىدىن ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدىغان ماختاش سۆزىدۇر. بۇ سۆزگە يېرىم مەدھىيە، يېرىم تەشەككۇر ئارىلىشىپ كەتكەن

[1] ئىبنى ماجە، 3784 - ھەدىس، كىتابۇل ئەدەب.

[2] دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 15 - جىلد، 442 - بەت.

[3] بەيھەقى، شۇئەبۇل ئىمان، 4 - جىلد، 96 - بەت؛ دەيلەمى، فىردەۋس، 2 - جىلد، 155 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولىدۇ. تىلنىڭ ھەمدىسى ‹‹ئەلھەمدۇلىللاھ››دۇر؛ قەلبنىڭ ھەمدىسى ئىشىنىشتۇر؛ تاشقى ئەزالارنىڭ ھەمدىسى بويسۇنۇشتۇر؛ ئەقىلنىڭ ھەمدىسى تەپەككۇر قىلىشتۇر؛ ئۆمۈرنىڭ ھەمدىسى ئۇنى ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلىشتۇر. ھەمدى ۋە شۈكۈر كۆڭۈلنىڭ ھەق(ئاللاھ) ۋە ھەقىقەت سۆيگۈسى بىلەن تولغان ھالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمدىدە خۇشاللىق، ئىستەك مەنىسى، شۈكۈردە بولسا، چىن ئىخلاس ۋە دوستلۇق مەنىسى ئەكس ئېتىدۇ. ھەمدى ۋە شۈكۈردە، نېمەت ئاتا قىلىنغاندا تەشەككۇر ئېيتىش، نېمەت تارتىۋېلىنغاندا بولسا، ھەمدى ئېيتىش دېگەن مەنا مەۋجۇتتۇر. ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرىدىن ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر قۇدۇسىي ھەدىستە ئاللاھ تائالا بىلەن پەرىشتىلەر ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى سۆھبەتنى رىۋايەت قىلىدۇ: ‹‹ئەگەر بىرەر بەندىنىڭ بالىسى ئۆلسە، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلىرىگە: بەندەمنىڭ بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ھەئە، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: بەندەمنىڭ يۈرەك پارىسىنى ئېلىۋالدىڭلارمۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ھەئە، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: بەندەم نېمىلەرنى دېدى؟ دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىپ: ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّــا إِلَيْــهِ رَاجِعونَ﴾ ﴿**بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز**﴾[1] دېدى، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹‹**ئۇنداق بولسا، بەندەمگە جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلىپ، ئۇنى ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار ئۆيى، دەپ ئاتاڭلار**›› دەيدۇ[2]. بىر ئاتا ياكى بىر ئانىنىڭ يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلىشقا ئوخشاش ئەڭ چوڭ سىناق ئالدىدا ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنى ماختىيالىغانلىقىنىڭ ئۆزى ھەقىقىي ھەمدىدۇر. مانا بۇ شۈكۈر بىلەن ھەمدى ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرق. شۈكۈر كۆپۈنچە ھاللاردا، بېرىلگەن نېمەتلەرگە، قىلىنغان ياخشىلىقلارغا رەھمەت ئېيتىشنى بىلدۈرىدۇ. ھەمدى بولسا، گۈزەل ماختاشلارغا لايىق بولغان ئاللاھ تائالانى ھەر ۋاقىت، ھەر شارائىتتا ئۇلۇغلاپ ئەسلەش، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئىگىمىز ئىكەنلىكىنى، بەرگۈچىنىڭمۇ، تارتىۋالغۇچىنىڭمۇ ئۇ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، خۇرسەن بولىدىغان بىر نەرسە كۆرسە: اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّــالِحَاتُ (نېمىتى بىلەن ياخشى ئىشلار تاماملىنىدىغان ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن!) دەيتتى. ياقتۇرمايدىغان بىر نەرسە كۆرسە: اَلْحَمْدُ لِلَّهِ عَلَى كُلِّ حَالٍ(ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن!) دەيتتى[3].

ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشنىڭ ئىپادىسى بولغان ھەمدى، تارىختىن بويان، رەببىگە شۈكرى قىلغۇچى ۋە مىننەتدارلىقنى ئىپادىلىگۈچى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئورتاق سۈپىتى بولۇپ كەلگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹**ئاللاھ بىر بەندىگە نېمەت ئاتا قىلغان بولسا، ئۇ بەندىنىڭ: ئەلھەمدۇلىللا، دېيىشى ئۇ نېمەتتىنمۇ ئارتۇقتۇر**››[4] دەپ تەلىم بەرگەن. شۇ سەۋەپتىن ئىنسانلارنىڭ ئۈلگىسى بولغان پەيغەمبەرلەر رەببىگە داۋاملىق ھەمدى ئېيتقان. قۇرئان كەرىمدە، ياشانغىنىدا پەرزەنت ئاتا قىلىنغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ[5] ۋە ئىلىم بېرىلگەن داۋۇت ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ[6] ئاللاھقا ئوقۇغان ھەمدۇسانالىرى بايان قىلىنغان. يەنە، قۇرئان كەرىم ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ ئۇلارنى: ﴿**ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار**﴾ دەپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان[7].

ئايەتلەردە جەننەت ئەھلىنىڭ ھەمدىلىرى زىكىر قىلىنغان: ﴿**ئۇلار: بارلىق ھەمدۇسانا بىزدىن غەم-قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاھقا مەنسۇپتۇر! بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر**﴾[8]. جەننەت ئەھلىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: ﴿**‹‹بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!›› دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ**﴾[9].

ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرسى ‹‹ھەمىد››دۇر. ‹‹ئەھمەد، مۇھەممەد ۋە مەھمۇد›› سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسىملىرى بولۇپ،

---

[1] سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 156 ـ ئايەت.

[2] تىرمىزى، 1021 ـ ھەدىس، كىتابۇل جەنائىز.

[3] ئىبنى ماجە، 3803 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئەدەب.

[4] ئىبنى ماجە، 3805 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئەدەب.

[5] سۈرە«ئىبراھىم»(14 ـ سۈرە)، 39 ـ ئايەت.

[6] سۈرە«نەمل»(27 ـ سۈرە)، 15 ـ ئايەت.

[7] سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 112 ـ ئايەت.

[8] سۈرە«فاتىر»(35 ـ سۈرە)، 34 ـ ئايەت.

[9] سۈرە«يۇنۇس»(10 ـ سۈرە)، 10 ـ ئايەت.

"مەدھىيەلەنگەن، ماختالغان" دېگەن مەنىگە ئىگە. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىشنى ۋەدە قىلغان ماقام ﴿مَقَامًا مَّحْمُودًا﴾ ﴿**مەدھىيەلىنىدىغان ئورۇندا تۇرغۇزۇشى ئۈمىدلىكتۇر**﴾دۇر[1]. بىر قىسىم ھەدىسلەردە زىكرى قىلىنغان، رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت كۈنى كۆتۈرۈپ قوپىدىغان بايراققا "لىۋائۇل ھەمدى(ھەمدى بايرىقى)" دەپ نام بېرىلگەن[2]. چۈنكى، ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى ئۈچۈن ھەمدى ماقامى(يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامى)دىنمۇ ئۈستۈن ۋە يۈكسەك ماقام بولمىسا كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەدھىيەلىنىشكە ئەڭ لايىق زات بولغاچقا، ئۇنىڭغا "لىۋائۇل ھەمد(ھەمدى ماقامى)" بېرىلگەن. ئەڭ يۈكسەك ماقامنىڭ، مەدھىيەگە ئەڭ لايىق بەندىگە بېرىلىشى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن باشقا ئۈممەتلەرنىڭمۇ بۇ بايراقنىڭ ئاستىدا توپلىنىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر[3].

قۇرئاننىڭ ھاياتقا تولۇق تەدبىقلىنىشى ھېسابلىنىدىغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى، ھەمدۇسانا بىلەن تولۇق بېزەلگەن ھاياتتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھاياتىنىڭ ھەر دەقىقىسىنى ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن قۇللۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىزلەرگە ئۈلگە بولاتتى. ئۇ پەقەت نېمەتكە ئېرىشكەن ۋە خۇشال بولغان چاغدىلا ئەمەس، بەلكى بالا - مۇسىبەتكە يولۇققان چاغلىرىدىمۇ ھەمدىنى توختاتمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە باشلىغاندا[4]، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا[5] ۋە تاماق يېگەندىن كېيىن[6] ئاللاھقا ھەمدى ئېيتاتتى. مۇئمىنلەرنى ياخشى چۈش كۆرگەندە[7] ۋە چۈشكۈرگەندە[8] ھەمدى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: "**ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئەتىگەن ۋە كەچلىك تاماقلىرىدا يېگەن نەرسىلەرگە ھەمدى ئېيتقان ۋە ئىچكەن نەرسىلەرگە ھەمدى ئېيتقان بەندىلىرىدىن مەمنۇن بولىدۇ**"[9] دېگەن بولۇپ، تاماق يېگەندە ياكى ئۇسسۇزلۇق ئىچكەندە: "**بىزنى ئوزۇقلاندۇرغان، ئۇسسۇزلۇق بەرگەن ۋە بىزنى مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلغان ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن**"[10] دەيتتى. يېڭى كىيىم كىيگەندە: "**ئى ئاللاھ! بارلىق مەدھىيە ساڭا خاستۇركى، ئۇ كىيىمنى ماڭا سەن كىيدۈردۈڭ. بۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە بۇ كىيىمنىڭ ياخشى ئىشلار ئۈچۈن تىكىلگەن بولۇشىنى سورايمەن. بۇ كىيىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بۇ كىيىمنىڭ يامان ئىشلارغا تىكىلگەن بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن**" دەپ دۇئا قىلاتتى[11]. ھەتتا بىر قىسىم ھەدىسلەردە، تاماق يېگەندىن كېيىن ياكى يېڭى كىيىم كىيگەندە ھەمدى ئېيتسا، ئىلگىرىكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن[12]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجەتخانىدىن چىققاندا: "**جىمى ھەمدۇسانا مەندىن زىيانلىق ماددىنى كەتكۈزۈپ، مېنى ساغلام قىلغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر**" دەيتتى[13]. نامازدىن كېيىنكى تەسبىھلەردە ئوتتۇز ئۈچ قېتىم "ئەلھەمدۇلىللاھ" دېيىشنى تەۋسىيە قىلاتتى[14].

ھەدىسلەردە ھەمدۇسانا ئېيتىشنىڭ ساۋابىنىڭ كاتتا بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ھەتتا، ئەبۇ مالىك ئەل ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر، ئاللاھ تائالاغا ھەمدى ئېيتىش تارازا-مىزاننى توشقۇزىدۇ. سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، دېگەن كەلىمە ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىنى(ساۋابقا) توشقۇزىدۇ**"[15]. يەنە باشقا بىر ھەدىستە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: "**كىمكى سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ(ئاللاھ تائالانى**

---

[1] سۈرە«ئىسرا»(17 - سۈرە)، 79 - ئايەت.

[2] تىرمىزى، 3615 - ھەدىس، كىتابۇل مەناقىب؛ ئىبنى ماجە، 4308 - ھەدىس، كىتابۇز زۇھد.

[3] مۇبارەكفۇرى، تۇھفەتۇل ئەھۋەزى، 8 - جىلد، 465 - بەت.

[4] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، 15047 - ھەدىس، 3 - جىلد، 371 - بەت.

[5] بۇخارى، 314 - ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات؛ مۇسلىم، 6887 - ھەدىس، كىتابۇز زىكر.

[6] بۇخارى، 5458 - ھەدىس، كىتابۇل ئەتئىمە.

[7] بۇخارى، 6985 - ھەدىس، كىتابۇت تەئبىر.

[8] بۇخارى، 62210 - ھەدىس، كىتابۇل ئەدەب.

[9] مۇسلىم، 6932 - ھەدىس، كىتابۇز زىكر؛ تىرمىزى، 1816 - ھەدىس، كىتابۇل ئەتئىمە.

[10] تىرمىزى، 3457 - ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات؛ ئەبۇ داۋۇد، 3850 - ھەدىس، كىتابۇل ئەتئىمە.

[11] ئەبۇ داۋۇد، 4020 - ھەدىس، كىتابۇل لىباس.

[12] ئەبۇ داۋۇد، 4023 - ھەدىس، كىتابۇل لىباس؛ ئىبنى ماجە، 3285 - ھەدىس، كىتابۇل ئەتئىمە.

[13] ئىبنى ماجە، 301 - ھەدىس، كىتابۇت تاھارەت.

[14] ئەبۇ داۋۇد، 1504 - ھەدىس، كىتابۇس سالات، ۋىتر بابى؛ دارىمى، كىتابۇس سالات.

[15] مۇسلىم، 534 - ھەدىس، كىتابۇت تاھارەت.

**پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەيمەن)نى كۈندە 100 قېتىم دېسە، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولغاندىمۇ يوققا چىقىرىلىدۇ»** دېگەن[1].

بۇ ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاللاھتائالا ئۆزىگە داۋاملىق ھەمدى ئېيتىپ تۇرىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۈلگە قىلغان مۇسۇلمانلار، ھەمدى ۋە شۈكۈر ئارقىلىق ھاياتىغا مەنا قوشىدۇ. تاماق يېگەندە، ئۇسسۇزلۇق ئىچكەندە، بىرەر ئىشنى باشلىغاندا ياكى تۈگەتكەندە، تىنچ ـ ئامانلىق سورالغاندا ۋە چۈشكۈرگەندە ‹‹ئەلھەمدۇلىللاھ›› دەيدۇ. كېسەلدىن شىپا تاپقاندا يەنە ئاللاھ تائالاغا ھەمدى ئېيتىدۇ.

ئىسلام ئىلىم ـ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە كىتاب، خۇتبە، مەكتۇپ، سۆھبەت، ۋەز ـ تەبلىغ، دۇئا ۋە مۇناجاتلار ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلىنىپ، ھەمدۇسانا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئۆگەتكەن بۇ قائىدىگە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلىپ كەلگەن. بۈيۈك مۇپەسسىر ئالىمىمىز ئەلمالىلى ھەمدى يازىر(تۈركىيەلىك مەشھۇر مۇپەسسىر **1878 — 1942** ـ ت)نىڭ «ھەق دىنى قۇرئان تىلى» ناملىق قىممەتلىك تەپسىرىنىڭ بېشىدىكى قىسقا، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك مۇناجاتلار بۇنىڭ ئەڭ يارقىن ئۆرنەكلىرىدىن بىرىدۇر: ‹‹ئىلاھا! ھەمدىنى سۆزۈمگە زەرتاج ئەتتىم، زىكرىنى قەلبىمگە مىراج ئەتتىم، كىتابىنى ئۆزۈمگە مىنھاج (قوللانما) ئەتتىم...››.

ھەمدى ئېيتىش مۇئمىننىڭ ئۆزگىچە بىر سۈپىتىدۇر. مۇھىمى، نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا كەڭرىچىلىكتىلا ئەمەس، بەلكى قىيىنچىلىقتىمۇ ھەمدى ئېيتىش كېرەك. ‹‹**تۇنجى بولۇپ جەننەتكە چاقىرىلىدىغان كىشىلەر، كەڭرىچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقان كىشىلەردۇر**››[2]. پەيغەمبىرىمىز، كەڭرىچىلىكتە شۈكرى قىلىپ، قىيىنچىلىقتا سەۋر قىلغان مۇئمىننىڭ پايدا تاپىدىغانلىقىنى ئېيتقان[3].

ئاگلىق بەندە شۈكۈر قىلىش ۋە ھەمدى ئېيتىش ئارقىلىق قىلغان ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ سايىسى ئاستىدا قىلغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. ئېرىشكەن نېمەتلىرى ئۈچۈن ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىدۇ. ھەر پۇرسەتتە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ.

ھەمدى ئېيتىش ۋە شۈكۈر قىلىش ئىنساننىڭ بەندە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلىشنىڭ بىر ۋاستىسى. بەندە، قىلغان ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ سايىسىدە قىلغانلىقىنى ئەسلەيدۇ ۋە ئۇنى زىكرى قىلىپ، نېمەت ئاتا قىلغۇچى ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىلىنماقچى بولغان خەيرلىك ۋە ئورۇنلۇق ئىشلارنى ‹‹ئەلھەمدۇلىللاھ›› دەپ باشلىشىمىز، نىيىتىمىزنى دۇرۇس قىلغانلىقى ۋە يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ھەمدى ئېيتىپ، شۈكۈر قىلىشىمىز، يولۇققان ياخشى ـ يامان ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھقا ھەمدى ئېيتىشنى تەرك قىلماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ ئىنسانلىقنىڭ ۋە بەندىچىلىكنىڭ تەلىپىدۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە: **﴿پەرۋەردىگارىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن. سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾**[4]، دەپ بىزلەرنى مۇنداق ھەمدى ئېيتىشقا بۇيرۇغان: **﴿ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆچمەنلىكنى ئېلىپ تاشلايمىز. ئۇلارنىڭ (جەننەتتىكى سارايلىرى) ئاستىدىن ئۆستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار: ‹‹بارلىق ھەمدۇسانا بىزنى يېتەكلىگەن ئاللاھقا بولسۇنكى، ئاللاھ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، بىز توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى›› دەيدۇ. ئۇلارغا: ‹‹سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن مىراس قىلىپ بېرىلگەن جەننەت مانا مۇشۇ›› دەپ نىدا قىلىنىدۇ﴾**[5].

—— «ھەدىسلەردە ئىسلام» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس

(ئاپتور: خوتەن شەھىرىدىن، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

---

[1] مۇسلىم، 6842 ـ ھەدىس، كىتابۇز زىكر؛ تىرمىزى، 3466 ـ ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.

[2] ھاكىم، مۇستەدرەك، 1851 ـ ھەدىس، 2 ـ جىلد، 706 ـ بەت.

[3] مۇسلىم، 7500 ـ ھەدىس، كىتابۇز زۇھد.

[4] سۈرە«ھىجر»(15 ـ سۈرە)، 98 ـ، 99 ـ ئايەتلەر.

[5] سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 43 ـ ئايەت.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# تەپسىر ۋە تەئۋىل ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

**مۇھەممەدئەمىن مەخمۇت**

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

تەپسىر ۋە تەئۋىل قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ھەم قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم كەلىمىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالىملار تەپسىر بىلەن تەئۋىلنىڭ پەرقىنى ئايرىش ۋە چەك ـ چېگراسىنى بەلگىلەشتە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تۆۋەندە بىز بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ مەنىسى ۋە ئالىملارنىڭ بۇ توغرىسىدىكى قاراشلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقايلى.

‟تەپسىر" دېگەن بۇ سۆز ئەرەب تىلىدىكى ‟فسر يفسر تفسيرا" دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، لۇغەت مەنىسى: ‟يېشىش، چۈشەندۈرۈش، ئايدىڭلاشتۇرۇش، روشەنلەشتۈرۈش، يوشۇرۇن نەرسىنى ئېچىپ بېرىش" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: **‟ئۇلار ساڭا قانداق بىر سوئالنى قويسۇن، (ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ئەڭ گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق"**{سۈرە«فۇرقان» (25 ـ سۈرە)، 33 ـ ئايەت}. بۇ ئايەتتىكى ‟تفسيرا"(يەنى تەپسىر) سۆزى چۈشەندۈرۈش دېگەن مەنىدە كەلگەن. «لىسانۇل ئەرەب»(يەنى ئەرەبلەرنىڭ تىلى) دېگەن كىتابتا: ‟ ‛تەپسىر‛ دېگىنىمىز ‛يېشىش‛ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىرادە قىلىنغان مەقسەتنى يېشىپ بېرىش" دەپ بايان قىلىنىدۇ.

## تەپسىرنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى

بىر قىسىم ئالىملار: ‟تەپسىر ئىلمى باشقا ئىلىملارغا ئوخشاش چەك ـ چېگراسى ئېنىق بەلگىلەنگەن، مەلۇم قائىدە ـ پرىنسىپ بىلەنلا يەتكىلى بولىدىغان ئەقلى ئىلىم ئەمەس. بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى يورۇتۇپ، روشەنلەشتۈرۈپ بايان قىلىپ بېرىدىغان ياكى قۇرئان ئايەتلىرىنى يېشىپ چۈشەنچىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ئىلىم" دەپ قارايدۇ.

ئەبۇ ھەييان «بەھرۇل مۇھىيت»دېگەن تەپسىر كىتابىدا تەپسىر توغرىسىدا توختىلىپ: ‟تەپسىر شۇنداق بىر ئىلىمدۇركى، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە دالالىتى، كەلىمىلەرنىڭ يەككە ياكى بىرىكمە ھالىتىدىكى ھۆكمى، بىرىكمە ھالىتىدىكى مەنىسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن" دەيدۇ. ئاندىن بۇ چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ مۇپەسسەل يېشىپ مۇنداق دەيدۇ: ‟بۇ يەردىكى

“ئىلىم” نىڭ قاراتمىلىقى ئام بولۇپ، بارلىق ئىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. “قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى” يەنى قىرائەت ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ. “دالالىتى” يەنى شۇ كەلىمىلەرنىڭ قاراتمىلىقىنىڭ ئام ياكى خاسلىقىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ مۇشۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك تىلشۇناسلىق ئىلمىنى تەلەپ قىلىدۇ. “كەلىمىلەرنىڭ يەككە ياكى بىرىكمە ھالىتىدىكى ھۆكمى” بۇ «ئىلمى سەرف»(يەنى كەلىمىلەرنىڭ تۈرلىنىپ چىقىش ھالىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن)، «ئىلمۇل ئىئراب»(يەنى گىراماتىكا ئىلمى)، «ئىلمۇل بەدىئى»(يەنى ئىبارىلەرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن) قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. “بىرىكمە ھالىتىدىكى مەنىسى” بۇ كەلىمىنىڭ ھەقىقىي(ئەسلىي) مەنىسىگە دالالەت قىلىدىغان ياكى مەجازىي(كۆچمە) مەنىسىگە دالالەت قىلىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە “شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر” يەنى ناسىخ(ھۆكۈمنى بىكار قىلغۇچى ئايەتلەر)، مەنسۇخ(ھۆكمى بىكار قىلىنغان ئايەتلەر)، ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭدىن ھۆكۈم ئېلىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى مەنىلەردىن شۇنى يەكۈنلەشكە بولىدۇكى، تەپسىرنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى— ئىنسان قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھ ئىرادە قىلغان مەنىنى ئىزدەش ئىلمى دېيىلىدۇ.

“تەئۋىل” دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى “أوَل” دېگەن سۆزنىڭ مەستەر(يەنى سۆز يىلتىزى) شەكلى بولۇپ، قايتۇرۇش دېگەن مەنىدە. لۇغەتتە سۆزنى ئەسلىگە قايتۇرۇش، يېشىش، تەبىر بېرىش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. تەبىر سۆزى كۆپىنچە چۈشكە تەبىر بېرىشتە قوللىنىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە “تەبىر” سۆزى نۇرغۇن ئورۇنلاردا كۆپ خىل مەنىلەردە كەلگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **“دىللىرى ھەقتىن چەتنەپ كەتكەن كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ. بۇنداق ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ”**{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 7 ـ ئايەت}. بۇ ئايەتتىكى “تەئۋىل” سۆزى تەپسىر ۋە ھەقىقىي مەنە دېگەن مەنىدە كەلگەن. سۈرە«نىسا»دا: **“ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر ئىشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە(يەنى قۇرئان ۋە ھەدىسكە) مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر”**{سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 59 ـ ئايەت}. بۇ ئايەتتە “تەئۋىل” سۆزى نەتىجە ۋە ئاقىۋەت مەنىسىدە كەلگەن. سۈرە«ئەئراف»تا: **“ئۇلار(يەنى كۇففار) پەقەت ئۇنىڭدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگەن كۈنى(يەنى قىيامەت كۈنى)...”**{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 53 ـ ئايەت}. بۇ يەردە “تەئۋىل” سۆزى ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ نەتىجىسى دېگەن مەنىدە كەلگەن. سۈرە«يۇسۇف»تا كەلگەن: **“شۇ تەرىقىدە پەرۋەردىگارىڭ سېنى(پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ، ساڭا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرىدۇ”**{سۈرە«يۇسۇف»(12 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت}؛ **“يۇسۇف ئېيتتى: ئىككىڭلارغا رىزىق سۈپىتىدە سىرتتىن تاماق كېلىدىغانلا بولسا، ئۇ كىرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن، بۇ پەرۋەردىگارىم ماڭا بىلدۈرگەن بىلىملەردىندۇر”**{سۈرە «يۇسۇف»(12 ـ سۈرە)، 37 ـ ئايەت}؛ **“ئۇلار ئېيتتى بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئىكەن، بىز قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرىشنى ئۇقمايمىز”**{سۈرە«يۇسۇف»(12 ـ سۈرە)، 44 ـ ئايەت}؛ **“ھېلىقى ئىككىسىنىڭ زىنداندىن قۇتۇلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن(يۇسۇفنى) ئېسىگە ئالغان بىرى: ‘مەن بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى سىلەرگە يەتكۈزەي’ ”**{سۈرە«يۇسۇف»(12 ـ سۈرە)، 45 ـ ئايەت}؛ **“ئۇ ئېيتتى: ‘ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر”**{سۈرە«يۇسۇف»(12 ـ سۈرە)، 100 ـ ئايەت} ئايەتلەردە “تەئۋىل” سۆزى چۈشنىڭ تەبىرى مەنىسىدە كېلىدۇ. سۈرە«كەھف»تە كەلگەن: **“سەن سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي”**{سۈرە«كەھف»(18 ـ سۈرە)، 78 ـ ئايەت}؛ **“سەن سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ”**{سۈرە«كەھف»(18 ـ سۈرە)، 82 ـ ئايەت} ئايەتلەردە “تەئۋىل” سۆزى خىزىر ئەلەيھىسسالام قىلغان(يەنى كېمىنى بۇزۇۋېتىش، بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان تامنى تۈزلەپ ياساپ

قويۇش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇ يەردە سۆزنىڭ تەبىرى مەنىسىدە ئەمەس بەلكى سەۋەب مەنىسىدە كەلگەن.

**تەئۋىلنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى**

ئالىملار تەئۋىلنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى توغرىسىدا نۇرغۇن ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەبۇ ئۇبەيدە قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەر: "تەپسىر بىلەن تەئۋىل بىر خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئىككىسى مەنىداش سۆزلەردۇر" دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش ئىلگىرىكى تەپسىر ئالىملىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. راغىبۇل ئەسفەھانى: "تەپسىر تەئۋىلغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەم كۆپ قوللىنىلىدۇ. تەئۋىل كۆپرەك دىنىي كىتابلاردا قوللىنىلىدۇ، ئەمما تەپسىر دىنىي كىتابلار ۋە باشقا كىتابلاردا كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىدۇ. تەپسىرنىڭ ئاساسىي مەنبەسى رىۋايەت (يەنى ھەدىس)، ئەمما تەئۋىلنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئەقىل ۋە ھېس. چۈنكى تەپسىرنىڭ مەنىسى يېشىش ۋە بايان قىلىش بولۇپ، بۇ پەقەت ئايەتتىكى ئاللاھ ئىرادە قىلغان مەنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ۋە ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا ھازىر بولغان (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن دائىم بىللە بولغان ھەم قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشىنىشتە بىرەر مەسىلىگە يولۇقسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىدىغان) ساھابە كىراملاردىن يېتىپ كەلگەن رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ بايان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما تەئۋىل مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىككى ئېھتىماللىقنىڭ بىرىنى دەلىل بىلەن كۈچلەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى كۈچلەندۈرۈشتە ئىجتىھادقا تايىنىلىدۇ. بۇنىڭغا ئادەتتە سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پىششىق بىلىش بىلەن بىرگە شۇ سۆزنىڭ ئەرەب تىلىدىكى دالالەت قىلىدىغان باشقا كۆچمە مەنىلىرىنى بىلىش، جۈملىنىڭ باش ـ ئاخىرىغا نەزەر سېلىپ شۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراش، ئەرەب تىلىنىڭ تىل ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەش ۋە شۇ ئارقىلىق يېڭى مەنىنى قېزىپ چىقىش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ" دەپ بايان قىلىدۇ.

«جەمئۇل جەۋامىئى ۋە شەرھىھى» دېگەن كىتابتا: "تەئۋىل سۆزىنىڭ ئاشكارا مەنىسىنى تاللىنىلغان ۋە كۈچلەندۈرۈلگەن ئېھتىماللىققا چۈشۈرۈش ياكى يۆكلەش بولۇپ، ئەگەر ئۇ دەلىل ئارقىلىق يۆكلەنسە توغرا بولىدۇ. دەلىلسىز ياكى گۇمان بىلەن يۆكلەنسە تەئۋىل ئەمەس ئويۇن بولىدۇ" دېيىلىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى يەكۈنلەشكە بولىدۇكى، تەئۋىل سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى كۈچلۈك دەلىل كەلتۈرۈش بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن يېڭى مەنىگە يۆتكەش دېمەكلىكتۇر".

(ئاپتور: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

## 47-نۆۋەتلىك شىنجاڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ۋە سۆھبەتتە بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2016 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 47 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرىم ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە پىكىر ئالماشتۇردى.

سۆھبەت يىغىنىدا، بەدرىددىن گو چېڭجېن دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئەھۋالى ھەمدە ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، ئىسلام دىنى ئەنئەنىسىدىكى ئېسىل ئامىللارنى قانداق قېزىش، ئەسەبىي ئىدىيەنى قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك يوقىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا دىنىي زاتلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.

ئادىل ھاجى كېرىم جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئەھۋالى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قانات يايدۇرۇۋاتقان شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قىلغان خىزمەتلەرنى تونۇشتۇردى. (مۇھەممەدئابدۇللا ئۇمەر)

www.uyghurkitap.com





# بىز ئادەم باللىرىنى ئەزىز قىلدۇق

## — سۈرە «ئىسرا» 70 - ئايەتنىڭ قىسقىچە تەپسىرى

**شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد**

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلًا.

تەرجىمىسى: **شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ئەزىز قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا(ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا(كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن كۆپ ئۈستۈن قىلدۇق.**

بۇ ئايەتتە ئىنسان زاتىنىڭ ھۆرمەتلىك قىلىپ يارىتىلغانلىقى، نېمە ئۈچۈن ھۆرمەتلىك قىلىنغانلىقى، قانداق ھۆرمەتلىك قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىپ، ئىنسان ھۆرمىتىنىڭ ئىسلام نەزىرىدىكى ماھىيىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

**"شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ئەزىز قىلدۇق"**: ئاللاھ ئىنساننى ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ نۇرغۇنىدىن ھۆرمەتلىك قىلدى. يەنى

قۇرئان كەرىم تەپسىرى

ئىنساننى مۇۋاپىق شەكىل(ئېغىرلىق - يېنىكلىك) ۋە قامەت(ئېگىز - پاكارلىق)كە كەلتۈرگەن ھالىتى، لاي(ماددا) بىلەن روھ بىرلەشتۈرۈلگەن تەبىئىتى، ئاسمان - زېمىن ئۆزئارا تاناسىپلاشتۇرۇلغان ئالاھىدە فىترىتى بىلەن نۇرغۇن مەخلۇقاتتىن ئۈستۈن قىلدى؛ ئۇنى تۈرلۈك ئىقتىدار ۋە قابىلىيەتلەر بىلەن تارتۇقلاپ، يەر شارىدىكى ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك مەدەنىيەتكە لايىقلاشتۇردى. ئىنسان يەر يۈزىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ئىشلەپچىقىرىش، بەرپاچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، قۇرىدۇ، ئۆزگەرتىدۇ، يېڭىلايدۇ. ئىنسان بۇ ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ ئەڭ يۈكسەك كامالىتىگە يېتىشكە تىرىشىدۇ. ئىنسان گەرچە زېمىندا ياشايدىغان بولسىمۇ ئاللاھ ئۇنىڭغا كائىناتتىكى كۈچلەرنى ۋە شەيئىلەرنى مۇسەخخەر قىلىپ(بويسۇندۇرۇپ) بېرىش بىلەن ھۆرمەتلىك قىلغان.

ئاللاھ ئىنساننى ئاشۇنداق كاتتا تارتۇقلار بىلەن ئەزىز قىلدىكى، ئىنسان ئاشۇ ئالاھىدىلىكلەر بىلەن مەۋجۇتلۇققا يۈزلىنەلەيدىغان ئىقتىدار ۋە سالاھىيەتكە ئىگە بولۇپ، پەرىشتىلەر سەجدە قىلغۇدەك مەرتىۋە ۋە

دەرىجىگە سازاۋەر بولىدى. بۇ مەرتىۋە ئەسلىدە ئىنسانىنىڭ ھۆرمەتلىك يارىتىلغانلىقى نامايان قىلىنىدىغان مەقام بولۇپ، ئاللاھ ئاشۇ ھۆرمەتنى مۇقەددەس كىتابى — قۇرئان كەرىمدە ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئاتىمىزغا سەجدە قىلىشى ھەرگىزمۇ ئىبادەت ۋە چوقۇنۇش سەجدىسى بولماستىن، بەلكى ئاللاھ تائالا ئادەمنى ھۆرمەتلىك قىلغاچقا، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى، مەرتىۋىسىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھۆرمەت سەجدىسى ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىگىچە بولغان بۇ ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا كىشىلەر ئىبادەت سەجدىسى بىلەن ھۆرمەت سەجدىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ھۆرمەت سەجدىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. شۇڭا، مەيلى ئىبادەت نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى ھۆرمەت نۇقتىسىدىن بولسۇن ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق شەخسكە ياكى شەيئىگە سەجدە قىلىشقا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئاتىنى يارىتىپ پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا ئەمرى قىلىشى ماھىيەتتە پۈتۈن مەۋجۇداتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئادەم زاتىنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇلغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

گېپىمىزگە كەلسەك، ئىنساننىڭ دەپنە قىلىنىدىغان قائىدە، زېمىننىڭ ئادەمنى قوينىغا ئالىدىغان قانۇنىيەت شۇنداقلا ھايات چېغىدا زېمىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ماكان بولىدىغان خۇسۇسىيەت، تېرىسا مېۋە ۋە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل بېرىدىغان تەبىئەت بىلەن باشقا مەخلۇقاتلاردىن پەرقلىق قىلىنىشىمۇ ئالاھىدە ۋە ئۆزگىچە ھۆرمەتنىڭ بەلگىسىدۇر. شۇنداقلا ھايۋاناتلاردەك تاشلىۋېتىلمەي، چىرايلىق دەپنە قىلىنىشىمۇ يەنە بىر ئالاھىدە ھۆرمەتنىڭ بەلگىسىدۇر.

بەرھەقكى، ئىنسان شۇ قەدەر كۆپ ھۆرمەتكە ئىگە قىلىنغان يارالما. ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولۇپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ھۆرمەتلىك قىلىپ يارىتىلغان. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم بالىسىغا چوقۇم ئىنسانىي ھۆرمەت ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەت ئىنكار قىلىنغان بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى بۇزغان كىشىلەر "ئىنسان ھۆرمەتلىك" دېگەن قۇرئانىي ئەقىدىنى بۇزغان بولىدۇ ـ دە، ئۆزلىرىمۇ ياخشى مۇسۇلمان بولالمىغانىنىڭ ئۈستىگە نورمال ئىنسانمۇ بولالماي قالىدۇ، نەتىجىدە باشقىلارنىڭ(يەنى ئۆزىگە ئوخشاش ھۆرمەتلىك يارىتىلغان ئىنسانلارنىڭ) ھۆرمىتىنى يوققا چىقىرىپ، ئاخىرى ئۆزلىرىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلەنمەي قالىدۇ؛ قەدىر ـ قىممىتى، ئابرۇيى، ئورنى يوقايدۇ. مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭمۇ ئىنسانىي سالاھىيەت بىلەن ھۆرمەتلىنىشى پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭمۇ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭمۇ ئوخشاشلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھۆرمەتلىك يارىتىلغان ئىنسانىي ئىززەتتىن بولغان. ئەمما، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئېتىقاد مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇلارنى قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ساپ ئەقىدىمىز، سۈپ ـ سۈزۈك سەممىيىتىمىز، گۈزەل ئەخلاقىمىز، يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىكىمىز ۋە ئىللىق مېھرى ـ مۇھەببىتىمىز بىلەن تەسىرلەندۇرۇشىمىز ۋە ئىلمىي قايىل قىلىشىمىز لازىم.

**"ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا(ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا(كېمىلەرگە) چىقاردۇق"**: ئىنسانلارنى قۇرۇقلۇقتا ئۇلاغلارغا مىندۇرۇش، دېڭىزدا كېمىلەرگە چىقىرىش ئۇلارغا تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ بېرىش، تەبىئەتنى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق تەرتىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر تەبىئەت ئىنسان ھاياتلىق تەرتىپىگە تەبىئىتىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلمىغان بولسا، ئىنسانىي ھاياتلىق ئەمەلگە ئاشمايتتى. ئىنسان قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىكى تەبىئىي ئامىللارغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاجىز بولغاچقا، تەبىئەت ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلمىگەن ئەھۋالدا ياشاش شارائىتى مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. تەبىئەت مەلۇم قانۇنىيەت ئاساسىدا چەكلىك دائىرە ئىچىدە ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەچكە، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلاردا ياشاش ئىمكانىيىتى بولغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئادالىتى ۋە پەزلى مەرھەمىتىدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقاتنى جۈپ ياراتتى، ئاللاھ سىلەرنىڭ چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمىلەرنى ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ئۇلاغلارنى يارىتىپ بەردى. بۇنداق قىلىشى سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا چىققاندا ۋە**



# قازا-قەدەرنى پەقەت دۇئا-ئىلتىجالا قايتۇرىدۇ، ئۆمۈرنى ياخشى ئەمەللەر ئۇزارتىدۇ

ئادىل ھاجى كېرىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

عَنْ ثَوْبَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ الرَّجُلَ لَيُحْرَمُ الرِّزْقَ بِالذَّنْبِ يُصِيبُهُ وَلاَ يَرُدُّ الْقَدَرَ إِلاَّ الدُّعَاءُ وَلاَ يَزِيدُ فِي الْعُمُرِ إِلاَّ الْبِرُّ. رَوَاهُ أَحْمَدُ فِي الْمُسْنَدِ وَالطَّبَرَانِيُّ فِي الْكَبِيرِ وَابْنُ حِبَّانَ فِي صَحِيحِهِ.

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **"كىشى قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئۆزىگە كېلىدىغان رىزقىدىن مەھرۇم قالىدۇ. قازا-قەدەرنى پەقەت دۇئا-ئىلتىجالا قايتۇرىدۇ. ئۆمۈرنى پەقەت ياخشىلىقلارلا ئۇزارتىدۇ"**(ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان).

مەزكۇر ھەدىس شەرىفتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە توختالغان: بىرىنچىسى، **"كىشى گۇناھلىرى تۈپەيلى ئۆزىگە كېلىدىغان رىزىقتىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى"**. بۇ يەردە "كىشى" دېگەن سۆزدىن مۆئمىن ئادەم ئىشارە قىلىنىدۇ. رىزىقتىن مەھرۇم بولۇش رىزىقنىڭ بەرىكەتسىز بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئايانكى، ئاللاھ تائالا ھەربىر بەندىنىڭ رىزقىنى لەۋھۇلمەھپۇزدا تەقدىر قىلىپ پۈتۈۋەتكەن. قايسى بەندىگە قانچىلىك رىزىق بېرىلىش ئېنىق بېكىتىلگەن. ئەمما بۇ يەردە پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەندىنى رىزىقتىن توسىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. بەندىنىڭ رىزىقتىن مەھرۇم بولۇشى رىزىقسىز بولۇپ قېلىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى رىزىقتىن بەرىكەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**"قازا-قەدەرنى پەقەت دۇئا-ئىلتىجالا قايتۇرىدۇ"**. ئاللاھ تائالا بەندىدىن سادىر بولىدىغان بارلىق ھادىسىلەرنى لەۋھۇلمەھپۇزدا تەقدىر قىلىپ پۈتۈۋەتكەن. بىز بۇنىڭغا شەك-شۈبھىسىز ئىمان كەلتۈرىمىز. ئەمما بۇ يەردە بەندىگە ئېھتىمال: "مادامىكى، ئاللاھ تائالا جىمى نەرسە ۋە ھادىسىلەرنى ئۆلچەملىك قىلىپ، ئالدىن بەلگىلەپ قويغان ئىكەن، ئۇنداقتا بەندىنىڭ دۇئا قىلىشىدىن يەنە نېمە پايدىسى بار؟ ئۇ دۇئا قىلسا-قىلمىسا

ھەدىس شەرىف تەھلىلى

بەرىبىر ئۇنىڭغا تەقدىردە پۈتۈلگەن ياخشىلىق ۋە كۈلپەت - قىيىنچىلىقلار كېلىۋېرىدىغۇ؟›› دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇسۇلمانىنىڭ ‹‹دۇئايىم ئىجابەت بولمايدۇ›› دەپ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىنى تەكىتلەپ: **‹‹سىلەردىن بىرىڭلار دۇئا قىلدىم، ئامما قىلغان دۇئايىم ئىجابەت بولمىدى، دەپ ئالدىراپ كەتمىسىلا، قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ››** دەپ كۆرسەتتىدۇ(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى: **‹‹كىشى گۇناھ قىلىشقا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىق رىشتىنى ئۈزۈشكە دۇئا قىلمىسىلا ۋە دۇئاسىنىڭ تېز ئىجابەت بولۇشىغا ئالدىراپ كەتمىسىلا، ئۇنىڭ ھەرقانداق دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ››** دېگەندە، ساھابە كىراملار: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئالدىرىغانلىق دېگەن نېمە؟›› دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **‹‹ئالدىرىغانلىق دېگەن: ‹شۇنچە كۆپ دۇئا قىلساممۇ، دۇئايىم ھېچ ئىجابەت بولمىدى› دەپ دۇئادىن زېرىكىپ ئۇنى تەرك ئېتىشتۇر››** دەيدۇ(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **‹‹ئەلۋەتتە دۇئا سادىر بولغان ۋە سادىر بولمىغان ئىشلاردا پايدا كەلتۈرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! سىلەر ئۆزەڭلەرگە دۇئا قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار››**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: **‹‹تەقدىردىن ئېھتىيات بولۇشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق، لېكىن دۇئا بولغان ۋە بولمىغان ئىشلاردا پايدا بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! سىلەر ئۆزەڭلەرگە دۇئا قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار››**(ئەھمەت ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان). دېمەك، دۇئا كۈلپەت - ئېغىرچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خەير - بەرىكەتنى جەلپ قىلىشتا پايدا يەتكۈزىدۇ. بەندىگە مۇسىبەت چۈشكەندە ئۇنىڭ قىلغان دۇئاسى سەۋەبىدىن ئاللاھ ئاشۇ كۈلپەتنى ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ ياكى يەڭگىللىتىدۇ. شۇنىڭدەك، بەندە كېلەچەكتە بېشىغا چۈشۈشى مۇمكىن بولغان مۇسىبەتلەردىنمۇ دۇئا يارىدىمىدە ساقلىنىدۇ. گەرچە بەندە تەقدىردە يېزىلغىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىسىمۇ، دۇئا بىلەن مۇسىبەت ۋە كۈلپەتلەردىن ئەمىن قېلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولىدۇ، شۇڭا ھەربىر ئىنسان ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ياخشىلىق تىلىشى ۋە تۈرلۈك ئەزىيەتلەردىن پاناھ تىلىشى كېرەك. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **‹‹ياخشى ئىشلار يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلايدۇ، يوشۇرۇن(تەرىزدە بېرىلگەن) سەدىقە ئاللاھنىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ. سىلە-رەھىم ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ››**(تەبەرانى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىس شەرىفتىن مەلۇمكى، سالىھ - ياخشى ئەمەللەر بەندىنى يامان ئاقىۋەتتىن، تۈرلۈك كۈلپەتلەردىن ساقلايدۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش كىشىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ياخشى ئەمەللەر ۋە دۇئا - ئىلتىجا بەندىنىڭ تەقدىردە يېزىلغان بەزى نەرسىلەرنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياخشىلىق پۈتۈلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئانىڭ قازا - قەدەرنى قايتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: ‹‹بىلگىنكى، سېنىڭ تەقدىرىڭگە پۈتۈلگەن مۇسىبەتلەر دۇئا - ئىلتىجا بىلەن قايتۇرۇلىدۇ، دۇئا كۈلپەت ۋە بالايىئاپەتنى قايتۇرىدىغان، شۇنداقلا رەھمەت ۋە بەرىكەتنىڭ كېلىشىگە سەۋەب بولىدىغان بىردىنبىر ۋاستىدۇر، خۇددى قالقان سەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتكەن ئوقيانى توسۇپ قالغاندەك، دۇئامۇ بېشىڭغا چۈشۈشى مۇمكىن بولغان كۈلپەتلەرنى توسىدۇ››.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر ۋە مېھرىباندۇر، شۇڭا ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشتا ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بەزىلەرنىڭ دۇئاسىغا تېز ئىجابەت بەرسە، بەزىلەرنىڭ دۇئاسىنى يەنىلا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ مۇناسىپ بىر ۋاقىتقا قويۇپ ئىجابەت قىلىدۇ، يەنە بەزى بەندىلەرنىڭ دۇئاسىنى ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ساۋاب قاتارىدا ساقلاپ قويىدۇ.

دۇئا شۇنداق پەزىلەتلىك ۋە پايدىلىق بىر ئىبادەتكى، مۇسۇلمان بەندە ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى سوراش ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلغاندا، ئۇ بەندە ئۈچ تەرەپتىن پايدىغا ئېرىشىدۇ: بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇنى سۆيۈندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ؛

www.uyghurkitap.com



ئىككىنچىدىن، دۇئا ئىبادەت ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ سورىغان ھاجەتلىرى ئىجابەت قىلىنىدۇ. ناۋادا سورىغانلىرى ئىجابەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ساۋابىنى چوقۇم كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتقانكى: **''مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا(ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن(يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن''** {سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، **186** ـ ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **''ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ھەمىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ناھايىتى سېخىي زاتتۇر، ئۇ ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سوراپ قولىنى كۆتۈرگەن بەندىسىنى قۇرۇق قول قايتۇرۇشنى ئۆزى ئۈچۈن راۋا كۆرمەيدۇ''**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). شۇڭا بەزى دۇئالار دەرھال ئىجابەت بولسا، بەزىلىرى كېچىكىپ ئىجابەت بولىدۇ. بەزىلىرى بولسا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كىشىنىڭ سورىغىنىدىن ياخشىراق بولۇپ بېرىلىدۇ. ھەتتا بەزى دۇئالارنىڭ شەرتلىرى تولۇق بولغان بولسىمۇ ۋاقتىدا ئىجابەت بولماي، سورىغۇچىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇناسىپ بىر ۋاقىتتا ئىجابەت بولىدۇ. ھەر ھالدا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ كۆتۈرۈلگەن قوللار قۇرۇق قايتۇرۇلمايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: **''كىمگە دۇئا قىلىش نېمىتى ئاتا قىلىنسا، ئۇنىڭغا رەھمەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. دۇئا سادىر بولغان ۋە سادىر بولمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. قازا-قەدەرنى پەقەت دۇئالا قايتۇرىدۇ. شۇڭا سىلەر ئۆزەڭلەرگە دۇئا قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار''**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەمما مۇسۇلماندارچىلىقتا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەمرىمەرۇپ(يەنى كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش)پەرزىنى تەرك ئېتىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى ئەمرىمەرۇپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **''سىلەر دۇئا قىلىپ، دۇئايىڭلار ئىجابەتسىز قالماسلىقى ئۈچۈن ئەمرىمەرۇپ قىلىشنى تەرك ئەتمەڭلار''** دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىم، دەيدۇ(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان). رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى زاھىدلارنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم بەسرە شەھىرىنىڭ بازىرىدا كېتىپ بارغاندا كىشىلەر ئۇنىڭدىن: ''نېمە ئۈچۈن بىز دۇئا قىلساق دۇئايىمىز ئىجابەت بولمايدۇ؟'' دەپ سورىغاندا، ئۇ زات: ''چۈنكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلار ئون ئىللەت بىلەن ئۆلگەن: سىلەر ئاللاھ تائالانى تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيىدىغانلىقىڭلارنى دەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۈننىتىنى تەرك ئەتتىڭلار؛ قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدىڭلار؛ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن رىزىقلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ شۈكۈرانىسىنى ئادا قىلمىدىڭلار؛ شەيتان بىزنىڭ دۈشمىنىمىز دەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتىڭلار؛ جەننەت ھەقتۇر دەپ تۇرۇپ، سىلەرنى جەننەتكە كىرىشكە مۇيەسسەر قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلمىدىڭلار؛ دوزاخ ھەقتۇر دەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قاچمىدىڭلار؛ ئۆلۈم ھەق دەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلمىدىڭلار؛ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولدۇڭلار؛ ئۆزۈڭلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئۇنتۇدۇڭلار؛ مېيتلىرىڭلارنى يەرلىككە قويدۇڭلار، ئەمما ئۇلاردىن ئىبرەت ئالمىدىڭلار'' دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

خۇلاسە ئورنىدا شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، دۇئا يۈزىسىدىن بەندە تۇرمۇشىدىن بەرىكەت، ئىشلىرىدىن روناق تاپىدۇ. دۇئا ئارقىلىق ھەرقانداق كۈلپەتنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

**''ئۆمۈرنى پەقەت ياخشىلىقلارلا ئۇزارتىدۇ''.**

ياخشىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتكە مۇشەررەپ بولۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر. ياخشىلىق ئۇرۇقلىرىنى چاچقان ئادەم ھېچقاچان ئەپسۇسلانمايدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ تاتلىق مېۋىسىنى كۆرىدۇ. ھەدىستە ئېيتىلغاندەك، ياخشىلىق بەندىنىڭ ئۆمرىنى زىيادە قىلىدۇ، ئۇنداقتا بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ياخشىلىق قىلىش بەندىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتالىشىدا تېببىي ۋە مەنىۋى سەۋەبلەر بار. تېببىي جەھەتتە، مەلۇمكى، ئادەم مېڭىسى تەننى باشقۇرۇش ۋە ئۇنى تەرتىپكە سېلىش رولىنى ئوينايدۇ. كىشىنىڭ روھى ھالىتى، يەنى خاپا بولۇشى، غەم-تەشۋىشتە قېلىشى مېڭىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ تەسىر ئادەم تېنىنىڭ

پۈتۈن ئەزالىرىدا ئىنكاس كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كىشى روھىي جەھەتتىن سىقىلسا ياكى غەزەپلەنسە، ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا تېخىمۇ زىيان يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ئادەم بىرەر كىشىگە چىن دىلىدىن ياخشىلىق قىلسا، دىلىنى پاك، غۇبارسىز تۇتۇپ(قەلبىنى پاكلىسا)، ئۆزىنى قۇشتەك يەڭگىل ھېس قىلىدۇ. بۇ نەرسە ئۇنىڭ مېڭە سىزىمىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ ـ دە، تەن ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتى ياخشىلىنىدۇ ۋە جانلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ.

ياخشىلىقنىڭ ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغانلىقىنىڭ مەنىۋى سەۋەبلىرىگە كەلسەك، ئاۋۋال ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە ياخشىلىق قىلغانلارنى ئۆز نېمىتى بىلەن بەھرىلەندۈرىدۇ، ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭ ھەققىگە ياخشىلىق سوراپ ئاللاھقا دۇئا ـ ئىستىغپار تىلەيدۇ. شۇنىڭدەك ياخشىلىق كۆرگەن ئادەم ياخشىلىق قىلغۇچىغا: ”ئۆمرۈڭدىن بەرىكەت تاپقايسەن، ئۆمرۈڭ زىيادە بولغاي“ دەپ دۇئا قىلىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشى شۈبھىدىن يىراق تۇرىدۇ.

بۇ يەردە ياخشىلىق قىلىدىغان ھەممە ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇۋەرمەيدىغۇ؟ دېگەندەك سوئاللار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. گەرچە ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆمرى يىل ھېسابىدا ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ھاياتى بەرىكەتلىك ئۆتىدۇ. بۇنداق بەندە ئىمان ـ ئىسلامدا ياشايدۇ، ئۆزى ئۆچۈپ ۋاپاتىدىن كېيىن ئېرىشىدىغان مول ساۋاب ـ مۇكاپاتقا مۇشەررەپ بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان بىرمۇنچىلىغان ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىۋېلىشقا شارائىت ھازىرلىۋالىدۇ. كۈندىلىك ھاياتىمىزدا بۇنداق پازىل ئادەملەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئاددىي پۇقرالاردەك ئۆتىدۇ، ئەمما ئۇلار كاتتا ساۋابلارغا نائىل بولىدۇ.

مۇئمىن ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىپ نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىۋالغانلىقى نەتىجىسىدە ئۆز ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىدە ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە رەھمىتىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرىدۇ. بۇ ھەقتە شەيخ يۈسۈف قەرزاۋىي «ئىمان ۋە ھايات» دېگەن كىتابىدا ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە خاس قىلىپ بەرگەن نېمەتلىرىنى 7 جەھەتتە يىغىنچاقلاپ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

بىرىنچى نېمەت: يارىتىش نېمىتى. ئەگەر ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى ۋە مەرھەمىتى بىلەن بەندىنى ياراتمىغان بولسا، ئۇ يوقلۇق زۇلمىتىدە قالاتتى ۋە تىلغا ئېلىنىدىغان بىر نەرسە بولمايتتى. **”ئىنسان ھەقىقەتەن شۇنداق بىر مۇددەتنى باشتىن ئۆتكۈزدىكى، شۇ مۇددەتتە ئۇ تىلغا ئېلىنغۇدەك بىر نەرسە ئەمەستى. بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىلاشما مەنىيسىدىن ياراتتۇق. بىز ئۇنى سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق“**{سۈرە «ئىنسان»(**76** ـ سۈرە)، **1** ـ ، **2** ـ ئايەتلەر}.

ئىككىنچى نېمەت: ئىنسانلىق نېمەت. ئاللاھ ئۇنى بېجىرىم ئىنسان قىلىپ يارىتىشنى، يەر يۈزىگە خەلىپە قىلىشنى، بارلىق مەخلۇقاتلىرىدىن ئارتۇق قىلىشنى خالىدى: **”بىز ئىنساننى شەك-شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق“**{سۈرە «تىين»(**95** ـ سۈرە)، **4** ـ ئايەت}.

ئۈچىنچى نېمەت: ئاڭ ۋە بىلىم نېمىتى. **”ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى. ئاللاھ شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرگە قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى“**{سۈرە «نەھل»(**16** ـ سۈرە)، **78** ـ ئايەت}.

تۆتىنچى نېمەت: تىل ۋە يېزىقنى چۈشىنىش نېمىتى. **”سەن ئوقۇغىن. پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتكەن“**{سۈرە «ئەلەق»(**96** ـ سۈرە)، **4** ـ ئايەت}؛ **”ھەممىگە شەپقەتلىك ئاللاھ قۇرئاننى(ئىنسانغا) بىلدۈردى، ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى“**{سۈرە «رەھمان»(**55** ـ سۈرە)، **1**—**4** ـ ئايەتلەر}.

بەشىنچى نېمەت: رىزىق نېمىتى. **”ئېيتقىنكى، ‹سىلەرگە ئاسمانلاردىن ۋە زېمىندىن كىم رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ؟› ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بىز ياكى سىلەر ــ ئىككى تەرەپنىڭ بىرى چوقۇم ھىدايەتتە، يەنە بىرى روشەن گۇمراھلىقتىدۇر“**{سۈرە «سەبەئ»(**34** ـ سۈرە)، **24** ـ ئايەت}.

ئالتىنچى نېمەت: مۇئمىنگە خاس بولغان ئىمان ۋە توغرا يولغا باشلاش نېمىتى. **”بىلىڭلاركى، ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ سىلەرنى ئىماننى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۇنى دىلىڭلاردا ياخشى كۆرىدىغان، كۇفرىنى،**

www.uyghurkitap.com

**پىسق-پاساتنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرىدىغان قىلدى. ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر‘‘**{سۈرە«ھۇجۇرات»(**49** ـ سۈرە)، **7** ـ، **8** ـ ئايەتلەر}.

يەتتىنچى نېمەت: قېرىنداشلىق ۋە مۇھەببەت نېمىتى. **’’ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر چوڭقۇر دوزاخنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى(ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە مانا شۇنداق بايان قىلىدۇ‘‘**{سۈرە«ئال ئىمران»(**3** ـ سۈرە)، **103** ـ ئايەت}.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:**

**1**.ئاللاھ تائالا ھەربىر بەندىنىڭ رىزقىنى لەۋھۇلمەھپۇزدا تەقدىر قىلىپ پۈتۈۋەتكەنلىكى، قايسى بەندىگە قانچىلىك رىزىق بېرىلىش ئېنىق بېكىتىلگەنلىكى؛

**2**.گۇناھ ـ مەئسىيەت بەندىنى رىزىقتىن توسىدىغانلىقى؛ بەندىنىڭ رىزىقتىن مەھرۇم بولۇشى رىزىقسىز قېلىپ قېلىشىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقى، بەلكى رىزىقتىن بەرىكەتنىڭ كۆتۈرۈلىشى(رىزىقنىڭ بەرىكەتسىز بولۇشى) كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى؛

**3**.چىن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئا قازا ـ قەدەرنى قايتۇرىدىغانلىقى؛

**4**.دۇئانىڭ تەقدىرگە پۈتۈلگەن كۈلپەت ۋە بالايى ـ ئاپەتنى قايتۇرۇپ، رەھمەت ۋە بەرىكەتنىڭ كېلىشىگە سەۋەب بولىدىغان ۋاستە ئىكەنلىكى؛

**5**.بەندە ’’دۇئايىم ئىجابەت بولمىدى‘‘ دەپ ئالدىراپ كەتمىسىلا، قىلغان دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدىغانلىقى؛

**6**.كىشى گۇناھ ئۈچۈن ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش ئۈچۈن دۇئا قىلسا بولمايدىغانلىقى؛

**7**.ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشتا ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغانلىقى؛ ئاللاھ تائالا بەزىلەرنىڭ دۇئاسىغا تېز ئىجابەت بەرسە، بەزىلەرنىڭ دۇئاسىنى يەنىلا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇناسىپ بىر ۋاقىتتا ئىجابەت قىلىدىغانلىقى؛ يەنە بەزى بەندىلەرنىڭ دۇئاسىنى ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ساۋاب قاتارىدا ساقلاپ قويىدىغانلىقى؛

**8**.ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ يىلىنىپ دۇئا ـ ئىلتىجا قىلغان قوللىرىنى قۇرۇق قايتۇرمايدىغانلىقى؛ بەندە دۇئانىڭ شەرىپىدىن تۇرمۇشىدىن بەرىكەت، ئىشلىرىدىن روناق تاپىدىغانلىقى؛

**9**.دۇئانىڭ ئىجابەتسىز قالماسلىقى ئۈچۈن ئەمرىمەرۇپنى كۆپ قىلىش ياخشى بولىدىغانلىقى؛

**10**. ئۆمۈرنى ياخشى ئەمەللەر ئۇزارتىدىغانلىقى؛

**11**. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتكە مۇشەررەپ بولۇشنىڭ ۋاستىسى ئىكەنلىكى؛ ياخشىلىق ئۇرۇقلىرىنى چاچقان ئادەم ھېچقاچان ئەپسۇستا قالمايدىغانلىقى؛

**12**.ياخشىلىق قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە كىشىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلىپ، كۆڭۈل ئازادىلىككە ئىگە بولىدىغانلىقى، نەتىجىدە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا پايدىسى يېتىدىغانلىقى؛

**13**.ئاللاھ تائالا ياخشىلىق قىلغان بەندىلىرىنى مول نېمەتلىرى بىلەن بەخش ئېتىدىغانلىقى؛ پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭ ھەققىگە ياخشىلىق سوراپ ئاللاھقا دۇئا ـ ئىستىغپار تىلەيدىغانلىقى؛ ياخشىلىقتىن بەھرى ئالغان ئادەممۇ ياخشىلىق قىلغۇچىغا ’’ئۆمرۈڭ زىيادە بولغاي!‘‘ دەپ ياخشى دۇئا قىلىدىغانلىقى؛

**14**.ياخشىلىق قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆمرى يىل ھېسابىدا ئۇزۇن بولۇپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتى بەرىكەتلىك ئۆتىدىغانلىقى؛ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى ۋە ساۋابى ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئۇلارغا يېتىدىغانلىقى؛

**15**.ياخشىلىق قىلىدىغانلار ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىپ نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىۋالغانلىقلىرى نەتىجىسىدە ئۆز ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىدە ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە رەھمىتىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغانلىقى؛

**16**.ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش كۆڭۈل ئازادىلىكىنىڭ ئاملى ئىكەنلىكى.

(ئاپتور: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)



# ئۈنۈملۈك ۋەز سۆزلەش — جامائەتنى توغرا يېتەكلەشنىڭ ئاساسى

ئابدۇۋاھاپ مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەش ـــ ئىسلام دىنىمىزدا جامائەتنى توغرا يولغا يېتەكلەشنىڭ ئەڭ ئەنئەنىۋى، ئەڭ ئومۇمىي ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكلىدۇر.

ئۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن تاكى رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ھەتتاكى بىزگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. بىز ئىمام ـ خاتىپلار ۋەز سۆزلەش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقاد پرىنسىپلىرىنى، پەرز ئەھكاملىرىنى شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ ياشاش ئادەتلىرىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى، جۈملىدىن بارلىق ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى كەڭ جامائەتكە يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىمىز. مەقسەتنى ئۈنۈملۈك يەتكۈزۈشتە سۆزىمىز جانلىق ۋە ئوبرازلىق، گۈزەل ۋە چۈشىنىشلىك، دەلىللىك ھەم قايىل قىلارلىق بولۇشى بەكمۇ مۇھىم. چۈنكى بىز مۇشۇ خىل يېتەكچىلىك ئۇسۇلىمىز بىلەن ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە يېتىشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز. بۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق جەھەتتە باشقىلارغا ئەمەلىي ئۈلگە بولالايدىغان، بەلگىلىك دەرىجىدە دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىلىمگە ئىگە بولغان، كىشىلىك مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا بىر قەدەر ماھارەتلىك بولغان دىنىي زاتلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. مەرھەمەتلىك رەببىمىز ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، 'بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، مەن كىشىلەرنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگىلا ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن'** "{سۈرە «يۈسۈف» (**12** ـ سۈرە)، **108** ـ ئايەت}.

ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئۆز دىنىنى توغرا چۈشەندۈرگەن، توغرا يەتكۈزگەن ھەم ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنى ئاللاھنىڭ مەسئۇلىيەتچان بەندىلىرى قاتارىدا تۇتقان بەندىسىنى تەرىپلەپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمان دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك كىشى بارمۇ؟**"{سۈرە «فۇسسىلەت» (**41** ـ

ئەمەل ـ ئىبادەت

سۈرە)، 33 ـ ئايەت}.

ئاللاھ تائالا بىز ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەت دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمدە ئەزىز بەندىسى، ھۆرمەتلىك ئەلچىسى رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "**ۋەز-نەسىھەت ئۈنۈم بەرگىدەكلا بولسا، كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. ئاللاھتىن قورققان ئادەملا ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەڭ بەختسىز ئادەم ۋەز-نەسىھەتتىن قاچىدۇ**"{سۈرە«ئەئلا»(87 ـ سۈرە)، 9—11 ـ ئايەتلەر}؛ "(ئى مۇھەممەد!) **سەن ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارنى مەجبۇرلىغۇچى ئەمەسسەن**"{سۈرە«غاشىيە»(88 ـ سۈرە)، 21 ـ، 22 ـ ئايەتلەر}.

دېمەك، ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەشتەك مۇنداق ساۋابلىق، شەرەپلىك ۋەزىپىنى ياخشى ئۆتەش، دىننى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى توغرا يەتكۈزۈش، ئاۋامنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ھاياتلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئۆز بۇرچىمىزنى تولۇق ئادا قىلىش ـ بىز دىنىي زاتلارنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتىمىزدۇر.

مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان كالامى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىشىلەرنى خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**"{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 104 ـ ئايەت}.

ئاللاھ تائالا "ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى" دەپ تەرىپلىنىدىغان نۇھ ئەلەيھىسسالام تىلىدىن بەرگەن خەۋىرىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: "**مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن**"{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 68 ـ ئايەت}.

تەمىم ئەۋس دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**دىننىڭ ئاساسى ـ نەسىھەتتۇر**"(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بۇ ئايەت ـ ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ۋاقىت ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرۇشى، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە مەسئۇل بولۇشى، بىر ـ بىرىگە نەسىھەت قىلىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. ھالبۇكى، دىنىي زاتلار بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچىلاردۇر. شۇڭا بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تەلەپكە لايىق ئورۇنداش ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن شەرىئىتىمىز كۆرسەتكەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بىر قاتار قائىدە ـ ئۇسۇللارنى تولۇق ئىگىلىشىمىز كېرەك.

رەببىمىز ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسلۇبىنى بەندىلىرىگە ئېنىق كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: "**پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولى(ئىسلام دىنى)غا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ**"{سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 125 ـ ئايەت}؛ "**سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى قورقۇنچقا چۈشۈشى مۇمكىن**"{سۈرە«تاھا»(20 ـ سۈرە)، 43 ـ، 44 ـ ئايەتلەر}.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەت كەرىمىلەردە كىشىلەرگە ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلىگەندە جۈملىدىن تەرسا، جاھىل، يامانلىققا ئادەتلەنگەن كىشىلەرنى توغرا يولغا چاقىرغاندا، سۆز قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەكلىكىنى، ئۇلارغا قوپاللىق قىلىپ قاچۇرۇپ قويماستىن بەلكى تەمىرلىك، قايىل قىلارلىق، سىلىق سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ئىسلام دىنىغا باشلاشنى، نادان، بىلىمسىز كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىش توغرا كەلگەندىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرماستىن، مەقسەتنى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا ئىپادىلەپ، مۇلايىملىق بىلەن توغرا، ھەق يولنى دەلىللەش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

قىسقىسى، بۇ ئايەتلەردە ئىسلام شەرىئىتىنى يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ يېقىملىق كەيپىياتتا بولۇشىنىڭ مۇھىملىقى، ناتوغرا يولدا بولغۇچىلارنىمۇ ياكى ھەق يولدا بولغۇچىلارنىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن. ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەش ـــ تىلنى ئاساسى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان ئاساستا، ھەرىكەت ۋاستىلىرىنىمۇ(قول، باش، كۆز، يۈز ھەرىكەتلىرىنىمۇ، يەنى بەدەن تىلىنىمۇ) ئۈنۈملۈك

بىرلەشتۇرۇپ، مەقسەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ يورۇتۇپ، پۇتكۇل ماھارەتنى باش تېمىنى گەۋدىلەندۇرۇش ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ قايىللىقى ئارقىلىق مايىللىقىنى قولغا كەلتۇرۇش نىشان قىلىنغان خىزمەتتۇر.

يۇقىرىقىدەك مەقسەتكە يېتىش ئۇچۇن ۋەز ـ تەبلىغ قىلغۇچىلاردا تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك.

1. ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىلار بەلگىلىك بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشى لازىم. بۇ بىر جۇملە سۆز ھەرقانداق بىر كىشىگە نىسبەتەن ئەقەللىي بىر تەلەپتىن ئىبارەت. ئەمما، ھازىر بىزنىڭ تىلغا ئېلىشىمىزدا تولىمۇ كونكرېت ۋە ئەستايىدىللىق مۇشۇ بىر جۇملە سۆزگە سىڭدۇرۇلگەن. بىلىم ـ ئوبيېكت قانۇنىيەتلىرىنىڭ كىشى مېڭىسىگە قوبۇل قىلىنىشىدۇر. بىزنىڭ كۆپىنچە مۇسۇلمانلىرىمىزدا بىلىمگە نىسبەتەن بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيە ئېغىر بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىلاھى مەلۇماتلار بىلەن دۇنياۋى ئىلىمنىڭ مۇتلەق بىرلىكىنى چۇشىنىشى؛ نەزەرىيەۋى بىلىم بىلەن ئەمەلىي بىلىمنىڭ، ماھىيەتلىك بىلىم بىلەن شەكلىۋى بىلىمنىڭ، يېتەكچى ئاساسى بىلىم بىلەن تارماق ئۇقۇملارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى چۇشىنىشى يېتەرلىك بولمايلا قالماستىن بەلكى ئۇلار ھاياتلىقنىڭ مۇھىم ئېھتىياجلىرى ئۇستىدە ئۆزلىرى مەنپەئەتلىنىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە نىسبەتەنمۇ سۇس مۇئامىلە قىلىپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، بىر قىسىم ئەھلى ئىلىملىرىمىز بىلەن دۇنيا ئىلمى، يەنى ئىلىم ـ پەن ئوتتۇرىسىدا زور دەرىجىدە ھاڭ شەكىللىنىپ قالدى. نەتىجىدە ئۇلار يېتەكچىلىك قىلغان كىشىلەرنىڭ(يەنى ئۇلارغا ئەگەشكۇچىلەرنىڭ) نەزىرىدىمۇ، زامانىۋى ئىلىم ئۇستىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوقتەك بىلىندى.

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ھەق كالامى قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپ ئورۇنلىرىدا دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان شەيئىلەرنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۇچۇن ياراتقانلىقى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئەتراپىمىزدىكى مەۋجۇداتلار ئۇستىدە تەپەككۇر يۇرگۇزۇشىمىز، يەنى ئۇلارنىڭ قانۇنىيتى، ئىمكانىيتى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە تەتقىق قىلىپ كۆرۇشىمىز كېرەكلىكىنى تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، بىز بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتىنى، بىرلىكىنى تېخىمۇ كامىل تونۇيمىز ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق دۇنيادىكى ئاجىزلىقىمىزنى تۇگىتىپ، ئۆز قىممىتىمىزنى نامايان قىلىمىز. ئاللاھ تائالا مۇبارەك كالامى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۇچۇن(ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) نۇرغۇن دەلىلەر بار، سىلەر بۇلارنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟"**{سۈرە«زارىيات»(51 ـ سۈرە)، 21 ـ ئايەت}؛ **"ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۇچۇن ياراتتى"**{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 29 ـ ئايەت}؛ **"ئاللاھ ھېكمەت(يەنى پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ، ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ، پەقەت ئەقىللىك ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند-نەسىھەت ئالىدۇ"**{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 269 ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتتە، قەلب كۆزى بولغان ئەقىلنىڭ ھەرقاچان كۆپ مەنپەئەتكە ئىگە بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

**"بىز ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۇچۇن بايان قىلغان بۇ مىساللارنى پەقەت ئالىملارلا چۇشىنەلەيدۇ"**{سۈرە«ئەنكەبۇت»(29 ـ سۈرە)، 43 ـ ئايەت}. مانا بۇ ئىلىم ئەھلىنىڭ قۇم ئارىسىدىن زەر يىغالايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن مەدھىيەدۇر. **"ئېيتقىنكى، 'بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ بۇنى پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا تونۇپ يېتەلەيدۇ' "**{سۈرە«زۇمەر»(39 ـ سۈرە)، 9 ـ ئايەت}.

ئەبۇ بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: **"ئالىم بولغىن ياكى ئۆگەنگۇچى بولغىن، ياكى ئاڭلىغۇچى بولغىن ۋە ياكى ئىلىم ئاشىقى بولغىن، بەشىنچىسى بولمىغىن. مۇنداق بولساڭ ھالاك بولىسەن"**(تەبەرانى رىۋايەت قىلغان).

ئىنسانلار تىلىدا ئېيتىلغان سۆزلەر ئىچىدە، ئىلىمنىڭ يۇكسەكلىكىنىڭ بايانى بۇنىڭدىنمۇ مۇستەھكەم ۋە گۇزەل بولماس.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئىلىمنى كىشىلەردىن يۇلۇپ ئالغاندەك ئالمايدۇ، بەلكى ئالىم-ئۆلىمالارنى قەبزى روھ قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالا بىرەر ئالىمنىمۇ قويمىغاندا كىشىلەر ئۆزلىرىگە نادانلارنى باشلىق قىلىۋالىدۇ-دە، ئۇلاردىن سورالسا، بىلمەي تۇرۇپ پەتىۋا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ ئازىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ''(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''بىر كىشىگە بىلمەستىن پەتىۋا بېرىلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ گۇناھى پەتىۋا بەرگۈچىگە بولىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا بىلىپ تۇرۇپ ناتوغرا مەسلىھەت بەرسە ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ''(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''كىمكى مەن دېمىگەن سۆزنى يالغاندىن مېنى دېدى، دېسە، ئۇ ئادەم جايىنى دوزاخ دەپ بىلسۇن''(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

قىسقىسى، بىز دىنىي زاتلاردا بىر قەدەر مۇكەممەل دىنىي بىلىم بولغاندىن سىرت ئاللاھ تائالا ياراتقان، بىز دەسسەپ تۇرۇپ مەنپەئەتلىنىۋاتقان دۇنيا ۋە شەيئىلەر ئۈستىدە دەسلەپكى تونۇش ئاساسىمىز بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا دىن-شەرىئەتنى توغرا، ئىلمىي يەتكۈزۈشىمىز ئۈچۈن ئەرەب تىلىنى ئىگىلەشتىن باشقا بىر قەدەر ئەتراپلىق دۇنياۋى ئىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز تولىمۇ زۆرۈردۇر.

2. ئانا تىل ئاساسىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ھەقىقەتەنمۇ بىر قىسىم دىنىي زاتلىرىمىزدا مەلۇم دەرىجىدە دىنىي بىلىم بولسىمۇ، ئەمما جامائەتكە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش جەھەتتە تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ماھارىتىدىكى ئاجىزلىق سەۋەبىدىن قىينىچىلىققا ئۇچراپ، مەقسەتنى تولۇق يەتكۈزەلمەي كەلدى. نەتىجىدە، جامائەتنىڭ ئېدىيەۋى ئېھتىياجى قاندۇرۇلماي، تۈرلۈك مەسىلىلەردە كۆرۈلگەن زىددىيەت ئوچۇق بىر تەرەپ قىلىنمىغاچقا ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنياغا بولغان توغرا كۆزقارىشى تۇرغۇزۇلمىدى، ھەتتا دىن بىلەن دۇنيا ئىشلىرىنى زىت قىلىپ چۈشىنىۋالدى. بىرەر يۇرت ياكى مەلۇم بىر مەسچىتكە ئىمام-خاتىپ بولغۇچى شۇ يۇرت ياكى شۇ مەسچىتنىڭ يېتەكچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئاشۇ ئىمام شۇ جامائەت ئالاقە ۋاستىسى قىلىۋاتقان تىلنىڭمۇ ماھىر يېتەكچىسى بولۇشى كېرەك. دەل مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۇ ئۆز جامائىتىنى چۈشىنىپ ھەم ئۇلارغا مەسىلىلەرنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ كېتەلەيدىغان مەنىۋى يېتەكچىگە ئايلىنالايدۇ. نۆۋەتتە دىنىي زاتلاردا كۆرۈلۈۋاتقان ئومۇميۈزلۈك ئاجىزلىق ئۆز ئانا تىل قانۇنىيەتلىرىنى مۇكەممەل بىلمەسلىكتە ھەم مول سۆز بايلىقىغا مۇراجىئەت قىلماسلىقتا كۆرۈلۈپ، مەقسەتنى ئەڭ ئۈنۈملۈك رەۋىشتە ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. تەۋسىيە قىلىدىغىنىمىز شۇكى، مۇكەممەل لاياقەتلىك دىنىي زات بولۇشىمىز ئۈچۈن، ئەرەب تىلى ۋە دىنىي بىلىملەرنى ياخشى ئىگىلىگەندىن باشقا ئانا تىل سەۋىيەلىرىمىزنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. چۈنكى، بىز ئانا تىلدا سۆزلىشىۋاتقان جامائەتنىڭ دىنىي يېتەكچىسى ھېسابلىنىمىز. شۇڭا بىزنىڭ نۇتۇق ياكى يېزىق سەۋىيەمىزدە دىنىي بىلىملەرنى ئۆز تىلىمىزغا ئۆلچەملىك ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدىغان قابىلىيەت بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ''**پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت چۈشىنىشلىك تەبلىغ قىلىشتۇر**''{سۈرە «ئەنكەبۇت»(29-سۈرە)، 18-ئايەت}.

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئوچۇق، ئېنىق سۆزلەيتتى، ئاڭلىغانلىكى ئادەم چۈشىنەلەيتتى''(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، راۋان، ئوچۇق سۆزلەشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى جۈملىسىدىندۇر.

3. جامائەتنىڭ چۈشىنىپ، قوبۇل قىلىشىغا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىلمىي، ئەقلىي ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىغا يارىشا ئىخچام، مېغىزلىق، مەزمۇنلۇق ۋەز-نەسىھەت قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ھەرقانداق بىر سۆزدە دەبدەبە پەيدا قىلىپ، كىشىلەرگە ئۆزىنى

كۆرستىش ئۈچۈن، ئاجايىپ ـ غارايىپ سۆزلەر بىلەن ئۆلچەمسىز جۈملە تۈزۈپ سۆز ئوينىتىش ـ جامائەتنىڭ شەرىئەتىمىزگە بولغان چۈشەنچىسىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە قارىتا ئۇچۇق كۆرسەتمىلىرىنى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇجمەللەشتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا ئەقىللىك دىنىي زات ھەرقاچان بۇنداق مەمەدانلىقتىن ساقلانمىقى كېرەك.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''**سۆز-ھەرىكەتتە چوڭقۇرلىشىمەن دەپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولدى**'' دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''**قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئورۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولغىنىڭلاردۇر. قىيامەت كۈنى مەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان ۋە مەندىن ئەڭ يىراق بولىدىغانلار، تولا گەپ قىلىدىغان، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدىغان، سۆزمەنلىكىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى تولدۇرۇپ گەپ قىلىدىغانلاردۇر**''(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

**4**.بىز دىنىي زاتلار ھەرقاچان جامائەتنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇشىمىز لازىم.

ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەشتە ياخشى تاللانغان ئىگە بولۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە باشقىچە بولساق، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئىناۋىتى خازانلاشقان ''دانا''غا ئايلىنىپ قالىمىز ـ دە، سۆز ـ نەسىھەتلىرىمىزنىڭ تەسىرچانلىقى، يۇقۇشچانلىقى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا: ''**مەن سىلەرنى توسقان ئىشنى ئۆزۈممۇ قىلىشنى خالىمايمەن**''{سۈرە«ھۇد»(**11** ـ سۈرە)، **88** ـ ئايەت} دېگەن ئايەتتە كەلگىنىدەك ئەقىدىسى مۇستەھكەم، پەرھىزكار دىنىي زات بولۇشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ''**ياخشى ئىشقا كىشىلەرنى بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب(يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟**''{سۈرە«بەقەرە»(**2** ـ سۈرە)، **44** ـ ئايەت}؛ ''**ئى مۆئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭلار قىلمايدىغان ئىشنى(باشقىلارغا) سۆزلەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار قىلمايدىغان ئىشنى(باشقىلارغا) سۆزلىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر**''{سۈرە «سەپ»(**61** ـ سۈرە)، **2** ـ ، **3** ـ ئايەتلەر}.

بۇ ئايەتلەردىن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ ئۆز ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە مۇتلەق پاك بولۇشىنىڭ بەكمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

**5**.بىز دىنىي زاتلار ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولۇشىمىز كېرەك.

ئەدەپ ـ ئەخلاق پاك قەلبنىڭ ئاشكارا ئىپادىسىدۇر، ئەقىل ۋە ئىماننىڭ چىرىغىدۇر. تائەت ـ ئىبادەتلەر ئىخلاستىن، ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن ئايرىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. ئىسلام دىنىمىز تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئەخلاق بىلەن يۇغۇرۇۋەتكەن. ئىسلام رىسالىتى ئەخلاقنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي تەركىبى قىسمى سۈپىتىدە بايان قىلغان. ئىسلام دىنىمىز بۈيۈك قىممەت ۋە يۈكسەك ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان دىندۇر. ئەخلاق مۆئمىن مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ جېنى، ئىلىم ـ ھېكمەتنىڭ مېۋىسىدۇر. بىزگە شۇنچىلىك ئايانكى، سەرۋەرى ئالەم رەسۇلىمىز مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئۆزىنىڭ دىنىي دەۋەتلىرىدە ئۈممەتلىرىگە ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلى يارىتىپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ھاياتىدا ئەخلاق ـ پەزىلەتنى مۇھىم ئورۇندا تۇتقان زاتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ''**سىلەرگە ــ ئاللاھتىن، ئاخىرەت كۈنىدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر**''{سۈرە«ئەھزاب»(**33** ـ سۈرە)، **21** ـ ئايەت}؛ ''**(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن**''{سۈرە«قەلەم»(**68** ـ سۈرە)، **4** ـ ئايەت}.

دېمەك، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلىشتىنمۇ ياخشىراق يول يوقتۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**مەن گۈزەل ئەخلاقلار ۋە ياخشى ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم**''(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**قىيامەت كۈنى، مۆئمىننىڭ مىزان تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىرراق تۇختايدىغان نەرسە يوقتۇر**''(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

بىلگۈچىلەرگە ئايان بولغىنىدەك، باشقىلارغىمۇ ئايان بولسۇنكى، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپكى چاقىرىقى كىشىلەرنى ئەخلاققا باشلاشتۇر. ئەخلاق - تولۇق خۇشاللىقنىڭ ئاساسىدۇر. ئىنسانىنىڭ دۇنيادىكى ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى پەزىلەتلىك ئەخلاقلارغا باغلىق ۋە يەنە ئاخىرەتتە ئالىي دەرىجىلەرگە ئېرىششىنىڭ ئامىلىمۇ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتتۇر.

ئۇنداقتا، بۇنداق سۈپەتكە ئىگە ئەخلاقلىق ئادەم قانداق بولىدۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەل - ئىبادەتلەرنى قىلىشقا تىرىشىدىغان، ئەمەلىيتى بىلەن كىشىلەرنى سۆيۈندۈرىدىغان ئادەم ھەقىقىي ئەخلاقلىق ئادەم ھېسابلىنىدۇ. نەۋائىي ھەزرەتلىرى ئېيتىدۇكى: “ئەخلاقلىق ئادەمنىڭ ئۆزى نەسىھەتتۇر”.

**6**. بىز دىنىي زاتلار جامائەتلەرنى ئۆزىمىزگە رام قىلالايدىغان، مەقسەت - مۇددىئانى چوڭقۇر ئىپادىلەيدىغان راۋان سۆز ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىمىز لازىم.

ئەبۇ ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: “ئى ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى! ماڭا ئىسلام توغرىسىدا شۇنداق بىر سۆزنى ئېيتىپ بەرگىنكى، بۇ توغرۇلۇق باشقا ئادەمدىن سوراپ يۈرمەي” دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “**ئاللاھ تائالاغا ئىشەندىم، دېگىن. ئاندىن توغرا يولدا بولغىن**” دېدى (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: “**مۇئمىن ئادەم يىلان چېقىۋالغان تۆشۈككە قايتا قولىنى سالمايدۇ**” (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: “**جەننەت سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ ئايىغىنىڭ شوينىسىدىنمۇ يېقىنراقتۇر، دوزاخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىندۇر**” (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

**7**. ۋەز سۆزلەشتە سالماق، مۇلايىم، سەۋرچان، كەڭ قورساق بولۇشىمىز، نادان، كەم ئەقىل كىشىلەر بىلەن تەڭ بولماسلىقىمىز، ئۇلارغا قوپاللىق قىلىپ قاچۇرۇپ قويماستىن، سىلىقلىق بىلەن پەندى - نەسىھەت قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى مۇلايىم - كەڭ قورساقلىق - قەلبلەرنى دوستلارشتۇرىدىغان خىسلەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇلايىملىقنى دوست تۇتقان كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە باشقىلارغا بەرگەندىن ئارتۇقراق ئەجىر - ساۋاب ئاتا قىلىدۇ. مۇلايىملىق كىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە مۇشەررەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: “ئادەملەرنى كەچۈرگىن، **ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن**” {سۈرە «ئەئراف» (**7** - سۈرە)، **199** - ئايەت}؛ “**كىمكى سەۋرچان، ئەپۇچان بولسا بۇ ئەلۋەتتە ئىرادە باغلاپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر**” {سۈرە «شۇرا» (**42** - سۈرە)، **43** - ئايەت}؛ “**(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا (ساھابىلەرگە) سىلىق مۇئامىلە قىلدىڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار سېنىڭ ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، جامائەت ئىشلىرىدا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن**” {سۈرە «ئال ئىمران» (**3** - سۈرە)، **159** - ئايەت}.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: “**مۇلايىملىق قانداق بىر نەرسىدە بولىدىكەن، ئۇنىڭغا زىننەت بېغىشلايدۇ. قانداق بىر نەرسىدە بولمايدىكەن ئۇنى سەتلەشتۈرىدۇ**” (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: “**مۇلايىملىق - ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ھەر قانداق ئىشتا مۇلايىم بولغان كىشىنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدۇ**” (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

**8**. ۋەز سۆزلەشتە كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇپ، جامائەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان جىددىي ئېھتىياجلىق يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە ۋەز - تەبلىغ ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشى: “ماڭا نەسىھەت قىلغىن” دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “**ئاچچىقلانمىغىن**” دېدى. ئۇ كىشى سۆزىنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا: “**ئاچچىقلانما**” دەپ جاۋاب

بەردى(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹**كىمكى جامائەتتىن ئايرىلغان هالدا ئۆلسە، ئۇ جاھىلىيەت زامانىسىدىكىلەرگە ئوخشاش گۇمراھلىق بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ**››(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

**9**. بىز دىنىي زاتلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلغانىدا، ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرىدىغان گۈزەل ئۇسلۇبى ۋە ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ كەلمەيدىغان بولسىلا، ئۆتكەن ئۆممەتلەرنىڭ ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ سۆزلەش ماھارىتىنى ئۆرنەك ئېلىپ ۋەز-نەسىھەت سۆزلىگىنىمىزدە، جامائەتلەرگە بەكرەك تەسىر قىلىش ۋە ئۇزاققىچە ئېسىدە قېلىش ئۈچۈن قايىل قىلارلىق، تەسىرلىك قىسسە-ۋەقە، تەمسىل-مىساللارنى كەلتۈرۈپ، ئومۇمىي مەقسەتنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ بېرىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**ئاللاھ مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر شەھەر بولۇپ، ئەسلىدە تىنچ-خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ-تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاھالىسى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ تەمىنى تېتىتتى**››{سۈرە«نەھل»(**16**-سۈرە)، **112**-ئايەت}.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹**مەن بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىڭلار شۇنداق بىر كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇكى، ئۇ كىشى ئوت ياققان، ھاشاراتلار ۋە پەرۋانىلەر ئوتقا ئۆزىنى ئېتىۋاتقان، ھالبۇكى ئۇ كىشى ئۇلارنى ئوتتىن توسۇۋاتقان، مەن بولسام ئوتقا چۈشۈپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن بېلىڭلارنىڭ تۆۋىنىدىن تۇتۇۋېلىۋاتىمەن، سىلەر بولساڭلار قولۇمدىن چىقىپ كېتىۋاتىسىلەر**››(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

**10**. بىز دىنىي زاتلار ۋەز-نەسىھەت سۆزلىگىنىمىزدە ئوبرازىمىزغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىمىزگە خاس كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىشىمىز، قىياپىتىمىزنى رۇسلاپ، تەمكىن، ئەدەپلىك، قائىدىلىك بولۇشىمىز، بەك يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەپ جامائەتلەرنى بىزار قىلماستىن، بەلكى ئۇلارغا يېقىملىق، راھەت تۇيغۇ بېرىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە لوقمان ھەكىم تىلىدىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**ئى ئوغلۇم! نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن، بۇ ھەقىقەتەن قىلىش ئۈچۈن ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ماختانچاق ھاكاۋۇرلارنى دوست تۇتمايدۇ. يول يۈرگەنىدە سالماق ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسەيتكىن، (بىلگىنكى) ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يىرگىنچلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر**››{سۈرە«لوقمان»(**31**-سۈرە)، **17**—**19**-ئايەتلەر}.

ئىياز ئىبنى ھىمار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹**ئاللاھ تائالا ماڭا ۋەھيى قىلدىكى، سىلەر كەمتەر بولۇڭلار، ھېچكىم ھېچكىمگە چوڭچىلىق قىلمىسۇن، ھېچكىم ھېچكىمگە يوغانچىلىق قىلمىسۇن**››(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ھارىس ئىبنى ۋەھبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ‹‹**مەن سىلەرگە دوزاخ ئەھلىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇلار: قوپال، بېخىل، تەكەببۇر كىشىلەردۇر**››(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹**كىشى تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرىپ، زالىملار قاتارىغا يېزىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زالىملار قانداق ئازابلانسا، ئۇلارمۇ شۇنداق ئازابلىنىدۇ**››(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، ھەربىر مۆئمىن مۇسۇلماننىڭ تەكەببۇرلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبارەت گۇناھى كەبىرلەردىن ساقلىنىشىنىڭ مۇھىملىقى يۇقىرىقى ئايەت-ھەدىسلەردە كەسكىن ھۆكۈملەر بىلەن تەكرار كۆرسىتىلگەن. ھالبۇكى، مۇقەددەس يول-ئىسلام دىنىنى ئۇممەتكە چۈشەندۈرۈپ، كىشىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن قايتۇرغۇچى، پەيغەمبەر ئىزباسارلىرى بولغان دىنىي زاتلار جامائەت ئۈچۈن تېخىمۇ ئىللىق، تېخىمۇ يېقىن بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

**11**. بىز دىنىي زاتلار جامائەتلەرگە ۋەز-تەبلىغ

سۆزلىگىنىمىزدە، ئۇلارغا دىل ئازارى بېرىدىغان، ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن، تەنە ـ كىنايىلەردىن مۇتلەق ساقلىنىشىمىز، مۆمىنلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەيىب ـ نۇقسان، سەۋەن ـ خاتالىقلىرىنى ئاشكارىلىماي يېپىشىمىز لازىم. چۈنكى ئازار بېرىش ـ ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ناچار ئىللەت، دوزاخقا مۇپتىلا قىلىدىغان چوڭ گۇناھتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلار ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر"**{سۈرە«ھۇجۇرات»(49 ـ سۈرە)، 12 ـ ئايەت}؛ "ھەربىر كەمسىتكۈچى، غەيۋەتخورنىڭ ھالىغا ۋاي!"{سۈرە«ھۇمەزە»(104 ـ سۈرە)، 1 ـ ئايەت}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كەمسىتىشى، ئۇنىڭ يامان ئادەم ئىكەنلىكىگە يېتەرلىكتۇر، بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىغا، ئابرۇيىغا ۋە مېلىغا چېقىلىشى ھارامدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشىڭلارغا، ئىش ـ ھەرىكىتىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا قارايدۇ"**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"دۇنيادا بەندە بەندىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ"**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

**12**. بىزنىڭ سۆزلىگەن ۋەز ـ تەبلىغلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى جامائەتلەرنىڭ ھېسسىياتىغا تېگىدىغان، تەپرىقە ـ ئىختىلاپ، زىددىيەت ـ ئاداۋەت ۋە ئىتتىپاقسىزلىققا سەۋەب بولىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بولماسلىقى، بەلكى مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئۇلارنى دوستلاشتۇرىدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان مەزمۇنلاردا بولۇشى زۆرۈردۇر. چۈنكى بىرلىك پەرز، تەپرىقە ھارامدۇر.

ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى تەسىرلىك بىر ۋەز سۆزلىدىكى، ئۇنىڭدىن دىللىرىمىزنى قورقۇنچ باستى، كۆزلىرىمىزدىن ياش قۇيۇلدى. بىز: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ سۆز ۋىدالاشقۇچىنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاپ كەتتى. بىزگە يەنە نەسىھەت قىلساڭ" دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"سىلەرگە ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشنى، سىلەرگە بىر قۇل باشلىق بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشنى ۋە ئىتائەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن"** دېدى. يەنە: **"ئىچىڭلاردىن كىمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسا، نۇرغۇن ئىختىلاپلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمگە، راستچىل ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ پىشنى مەھكەم تۇتۇڭلار، بىدئەت ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر"** دېدى(ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

سەئىد ئىبنى ئەبۇ بۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىدىن، ئاتىسى سەئىدنىڭ چوڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ۋە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى يەمەنگە ئەۋەتكەن چاغدا ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: **"ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، كىشىلەرگە بېشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتۈۋەتمەڭلار، ئىناق بولۇڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

**13**. بىز ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلىگەندە سۆزلىمەكچى بولغان ۋەزىمىزنىڭ تېمىسى ئېنىق، مىساللىرى قايىل قىلارلىق بولۇشى، تېمىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكىمىز، ۋەزىمىزنىڭ باش ـ ئاخىرى ماسلاشقان، دەلىل ـ پاكىتلىرى جانلىق، ئىخچام، يىغىنچاق بولۇشى لازىم. چۈنكى سۆز ـ نەسىھەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ ئەتراپلىق، پاساھەتلىك، پايدىلىق، مەزمۇنلۇق بولغىنىدۇر. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: **"كىشىنىڭ نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۇزۇنراق ئوقۇشى، ۋەز-نەسىھەتنى قىسقا قىلىشى ئۇنىڭ دىندا مەلۇماتلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر نامازنى (تەئدىل ئەركانلىرى، سۈننەت ـ مۇستەھەبلىرى) بىلەن ئۇزۇنراق ئوقۇڭلار،** (داۋامى 15 ـ بەتتە)



# ئىسلام دىنى مائارىپنى تەشەببۇس قىلىدۇ

**مۇھەممەديۇسۇپ ھۇسىين**

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئىسلام-ئەقىل ۋە ئىلىم دىنىدۇر. ئەقىدە ئىنساندا تولۇق قانائەت ۋە مەرىپەتنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىلىم-مەرىپەت ۋە قانائەت ئۈستىگە قۇرۇلمىغان ئەقىدىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قىممىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنىمىز ئىنساننى ئەقىل ئىشلىتىشكە، ئىلىم ئۆگىنىشكە، ئاللاھنىڭ كائىنات ۋە ئەتراپىمىزدىكى قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەۋجۇدىيەتنى تەتقىق قىلىشقا، جۈملىدىن ئوقۇ-ئوقۇتۇش، مائارىپقا بولغان قىزغىنلىقنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ياراتقۇچىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى ئاشۇرۇش ۋە ئەقلىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئىنسان بىلىم ئېلىپ مەرىپەت ھاسىل قىلىشتا ئالدى بىلەن ئەقىل ئىدراكقا تايىنىدۇ. ئەقىل ئىدراكسىز ھېچقانداق نەرسىنى ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ مائارىپقا بولغان تەشەببۇسلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئەقىل سۆزى قۇرئان كەرىمدە **49** جايدا تىلغا ئېلىنغان. ئاللاھ تائالا ئەقىل-ئىدراكقا شۇنچە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كائىنات ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت قاتارىدا سانىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە ئىلىم سۆزى **721** جايدا تىلغا ئېلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان تۇنجى ۋەھيىسى "ئوقۇغىن" دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ قايتا-قايتا تەكرارلانغان ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە ئاللاھنىڭ ئىنسانغا خەت يېزىشنى ئۆگەتكەنلىكى ۋە بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**(ئى مۇھەممەد!) ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. سەن ئوقۇغىن. پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ**

## ۋەز-تەبلىغ

**كەرەملىك زاتتۇر"**{سۈرە«ئەلەق»(96 ـ سۈرە)، 1—5 ـ ئايەت}.

دېمەك، دىنىمىزنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن بىرلىكتە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، مائارىپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سۈرۈشتۈرمەكچى بولساق، ۋەھيى كەلگەن ئاشۇ مىنۇتلاردىن باشلاشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى زىچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تۇنجى ۋەھيى "ئوقۇغىن" دېگەن سۆز بىلەن باشلانغانلىقتىن، ئۆگىنىش، مائارىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نازىل بولغان ئايەتلەردىمۇ ئىلىم ھەققىدىكى تەشەببۇس توختاپ قالمىغان.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ بۇنى پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا تونۇپ يېتەلەيدۇ"**{سۈرە «زۇمەر»(39 ـ سۈرە)، 9 ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ تائالا بىلىدىغان، ئاللاھنى تونۇغان، ھەقىقەتنى بىلگەن، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىدىن پۈتكۈل خەلقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەمەل قىلغان كىشىلەرنى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەتى يوق كىشىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بىلىدىغان كىشىلەرنى ناھايىتى يۇكسەك ماقامغا كۆتۈرگەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر"**{سۈرە«فاتىر»(35 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت}.

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئاللاھتىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغان كىشىنىڭمۇ ئىلىم ـ مەرىپەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكى، جۈملىدىن بىر نەرسە بىلىدىغان، ياخشى ـ ياماننى پەرق ئېتىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مائارىپ قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت ئۆگىنىشتىن باشلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر. دېگىنىدىن قارىغاندا، ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى مائارىپ قۇرئان كەرىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش بىلەن باشلانغان.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مائارىپقا بولغان تەشەببۇسى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامىي دەۋەت ئېلىپ بارغان چاغدا قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە ئاران 17 ئادەملا ساۋاتلىق ئىدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تىل ـ يېزىق ۋە ساۋات چىقىرىش ئىشلىرىغا تەڭ ئەھمىيەت بەرگەن. شىفا بىنتى ئابدۇللا ئىسىملىك ئايالنى ئاياللارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا تەيىنلىگەن. ھەتتا بەدر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن ساۋاتلىق مۇشرىكلارنى قويۇۋېتىشتە، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئون مۇسۇلمان بالىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ قويۇشنى شەرت قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئەبۇ دەرداء، ئۇممى ۋەرەقە، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس، ئەبۇ ھۇرەيرە قاتارلىق نۇرغۇن ساھابىلەر قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مائارىپ ئىشلىرىدا ھەر قانداق ئورۇن ۋە ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇ دەۋردە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى مەسچىتلەر ۋە مەدرىسە شەكلىنى ئالغان مەخسۇس جايلار بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، ساھابىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ ئېلىپ بېرىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز دەۋرىدە مۇسۇلمانلاردىن ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش دەپ ئايرىماستىن، ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە چېتىلىدىغان بارلىق ئىلىم بىلەن ئورتاق شۇغۇللىنىشىنى تەلەپ قىلغان. قۇرئان كەرىمگە كاتىپلىق قىلغۇچىلاردىن مەشھۇر ساھابە زەيد ئىبنى سابىتنى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىپ: "يەھۇدىيلارنىڭ يېزىقىنى ئۆگەنگىن" دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: **"مەن بىرەر قەۋمگە خەت يازدۇرماقچى بولسام ئۇلارنىڭ كەم ياكى زىيادە يېزىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن، سەن**

**سۇرىيانچە خەتنى ئۆگەنگىن**» دېگەنىدى.

بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش ئىشلىرىغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى، دىنىمىزنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنىڭ قانات يايغانلىقىنى، شۇنداقلا «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتالغان ئەرەب كونا جەمئىيىتى بىلەن ئىسلامىيەت دەۋرى ئارىسىدىكى پەرقنى روشەن كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

**سۈننەتنىڭ مائارىپقا بولغان تەشەببۇسى**

ئىسلام دىنى ئىلىم-مەرىپەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسى ئىلىم-مەرىپەت بولۇپ، ياراتقۇچىنى تونۇش يولىمىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنىمىز بىزنى ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇغان ھەمدە ئۇنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «**ئىلىم ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر**»(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىدىكى ھەدىستىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، جەمئىيەت ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكىدەك ئۈچۇر دەۋرىدە، مۇسۇلمانلار تەرەققىياتقا ماسلىشىشى ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىشى، مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. بۇ ھەربىر مۇسۇلمان ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر بولغان ئەمەل-ئىبادەتلەر جۈملىسىدىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدىمۇ، ئۇ زاتنىڭ بىزنى قېتىرقىنىپ ئىلىم ئۆگىنىشكە، مائارىپ ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى، ئالىملارنىڭ پەزىلەتلىرىنى سۆزلىگەنلىكىنى بايقايمىز. پەقەت ئىمام بۇخارىنىڭ «سەھىھۇلبۇخارى» دېگەن كىتابىنى ئالساقمۇ، ئىلىم ۋە ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى بابىدا **201** ھەدىس كەلتۈرۈلگەن.

شۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىغا ماڭسا، ئاللاھ شۇ سەۋەبلىك ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ، پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا قاناتلىرىنى پاياندار قىلىپ يېيىپ بېرىدۇ. ئالىملار ئۈچۈن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى جانلىقلار، ھەتتا سۇدىكى بېلىقلارمۇ ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئۈستۈنلىكى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا ئوخشاش. ئېنىقكى، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر تەڭگە-تىللالارنى مىراس قالدۇرمىغان، بەلكى ئىلىمنى مىراس قالدۇرغان. شۇڭا، كىمكى ئىلىمدىن ئىبارەت مىراسقا ئېرىشسە، تولۇق نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولىدۇ**»(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «**ئىنسان دۇنيادىن كەتسە ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەمىلى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، بىرىنچىسى، سەدىقە جارىيە (يەنى ساۋابى يېتىپ تۇرىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىنغان سەدىقە)؛ ئىككىنچىسى، ئۇ ئىنساندىن باشقىلار مەنپەئەت ئالغان ئىلىم؛ ئۈچىنچىسى، ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ھەمىشە دۇئا ۋە ياخشى ئەمەل قىلىدىغان سالىھ ياخشى بالا**»(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «**پەقەت ئىككى خىل خىسلەتكە ئىگە كىشىگىلا 'ھەسەت' قىلىشقا (يەنى بۇ خىل خىسلەتنىڭ ئۆزىدىمۇ تېپىلىشىنى ئارزۇ قىلىشقا) بولىدۇ: بىرى، ئاللاھ مال ئاتا قىلىپ، ئۇنى ھەق يولىدا ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر قىلغان كىشى؛ يەنە بىرى، ئاللاھ ئىلىم ئاتا قىلغان، شۇ ئىلىم بىلەن توغرا ھۆكۈم چىقارغان ۋە شۇ ئىلىمنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشى**»(بۇخارىي رىۋايەت قىلغان).

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «ھەسەت» كۆرەلمەسلىك بولماستىن، بەلكى شۇ ئىشقا ئىنتىلىش، قىزىقىش دېگەنلىكتۇر.

**ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىمىزدىكى ئورنى**

دىنىمىزدا ئالىملارنىڭ قەدىر-قىممىتى يۇقىرى سانالغان، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئورنىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىم ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ساھەلەشتۈرۈشكە بۇيرۇغان. ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ پەزىلەت ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى، قوللىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەش بىلەن ئىلىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەھلىلىرىنىڭ ئىبادەتتىكى پەزىلىتى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بېكىتكەن. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ ئالىملارنى ھەققانىيەتكە گۇۋاھلىق بېرىشتە ئۆزى ۋە پەرىشتىلەردىن قالسىلا 3 ـ ئورۇنغا قويغان.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ ئادىللىقنى يۈرگۈزگەن ھالدا ئۆزىدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەقنىڭ يوقلۇقىنى بايان قىلدى، پەرىشتىلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەقنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بەردى. ئۇ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر"** {سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، **18** ـ ئايەت}.

تۆۋەندىكى ئايەتتە بولسا ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ نادانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ پەزىلىتى، نام ـ شەرىپىنىڭ يۇقىرىلىقى بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە يەنە ئالىملارنى مۇكاپاتلاش، قىيامەتتە ئۇلارغا يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى بېرىشنى ۋەدە قىلغان: **"ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر"** {سۈرە«مۇجادەلە»(**58** ـ سۈرە)، **11** ـ ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە بولسا ئالىملار يول كۆرسەتكۈچى بەلگە يۇلتۇزلارغا ئوخشىتىلغان. **"يەر يۈزىدىكى ئالىملار خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ جاھاننى يورۇتۇشى بىلەن قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىزدا يول تېپىپ ماڭغىلى بولىدۇ. يۇلتۇزلار بولمىسا يول باشلىغۇچىلار ئېزىپ قالغىلى تاسلا قالىدۇ"** (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

ئالىم ـ ئۆلىمالار يوق دىيارنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەسى مۇشكۈل، بىر پەيلاسوپ مۇنداق دېگەن: "ئەگەر ئۆلىمالار بولمىغان بولسا ئادەملەر ۋەھشىيلىشىپ ھەممە گۇناھى كەبىرىلەرنى ئويلانماستىن قىلغان بولاتتى، ھەتتاكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى خوتۇنلۇققا ئالغان بولاتتى".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: **"بىر ئادەم دىندا ئالىم بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بارلىق مۇھىم ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ ۋە ئويلىمىغان يەردىن رىزىق ئاتا قىلىدۇ"** (خەتىيب رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"بىر ئالىمنىڭ ئۆلگىنىدىن بىر قەبىلىنىڭ ئۆلگىنى ياخشىراق"** (ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان).

ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دېگەنىكەن: ئۆلىمالار بولمىغان بولسا كىشىلەر ھايۋانغا ئوخشاش بولۇپ كېتەتتى، يەنى ئۆلىمالار ئىلىم ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھايۋانىيلىق ھالىتىدىن ئىنسانىيلىق ھالىتىگە ئېلىپ چىقىدۇ.

دېمەك، بىز ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئۇلار بىز ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەندە تىرىشىپ ئۆگەنگەن، بىز بىخۇد ھالەتتە ھېچنەرسە بىلەن كارىمىز يوق يۈرگەندە مىللەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان كىشىلەردۇر.

يۇقىرىدا شەرھلەپ ئۆتكىنىمىزدەك: ئىسلام دىنىمىز ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنى مانا شۇنداق يۇقىرى ئورۇندا قويىدۇ ۋە تەرىپلەيدۇ.

ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «ئەقائىد زۆرۈرىيە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بايانلار بار: مىللەتنىڭ خار ـ زەبۇن بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئىككى نەرسىدىندۇر. **1** ـ بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقتۇر؛ **2** ـ ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئىختىلاپتۇر. بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، بەلكى ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زاماندۇر. جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، بەلكى ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، بەلكى تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ ھېكمەت(يەنى پايدىلىق ئىلىم)نى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ"**{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، **269** ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتتىن ئىنسانلار ئۈچۈن ئىككىلا ئالەمدە پايدىلىق بولغان ئىلىم ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمىتى ئىكەنلىكىنى، ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىلىرى ئاللاھنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرى بولالايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. (داۋامى 36 ـ بەتتە)



# ئىلىمنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىتتىپاقلىقتا ئاساس سالايلى

مۇھەممەد ئابدۇلئەزىز

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەھلى جامائەت!

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: “**سىلەر روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن بۆلۈنۈپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ**”{سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، **105** ـ ئايەت}.

يەنە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ: “**ئاللاھ بىر كىمگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇ كىشىنى دىندا ئالىم قىلىدۇ**” دېگەن ھەدىسىگە ۋە “**ئالىملار ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى**” دېگەن ھەدىسىگە ئاساسەن، بىزگە ئوخشاش دىنىي ئىلىم ئىگىلىۋاتقان ئىزباسارلار ۋە ئىمام ـ خاتىپلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، ئەمما ساۋابلىق، مەسئۇلىيەتچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، بۇنى ئۆز لايىقىدا مۇۋاپىق ئورۇنلاش زىممىمىزگە چۈشكەن پەرزدۇر. بۇ پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىلىمنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىمىز ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلىشىشقا ئۈندىشىمىز تېخىمۇ مۇھىمدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دېگەن:

“**(ئى مۇھەممەد) ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى، يەنى سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار، دەپ تەۋسىيە قىلدى**”{سۈرە «شۇرا»(**42** ـ سۈرە)، **13** ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنى ئۆزى تەۋسىيە قىلغان ئىلىمنى ئىگىلەپ، دىننى بەرپا قىلىشقا ھەم بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىققا چاقىرغان، ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈشتىن توسقان بولۇپ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى بولىمەن، دېگەن ئادەم چوقۇم ئىلىمنى پۇختا ئىگىلەپ ھەرقانداق ئورۇندا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسالايدىغان ھەم مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ قېرىنداشلىقنى كۈچلەندۈرەلەيدىغان بولۇشى لازىم.

شۇڭا، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى بولغان بىزلەر، يەنى دىنىي ئىلىم ئىگىلىۋاتقان ئىزباسارلار ۋە ئىمام ـ خاتىپلار، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاش، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



ھەقىقىتىنى ھەمدە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ يول-يورۇقلىرىنى كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىغا توغرا، تولۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن، دىنىي ئىلىمنى پۇختا ئىگىلەش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى پەننى بىلىملەرنىمۇ ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنىۋېرسال ساپا ھازىرلىشىمىز ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

بىزدە ئىلىم-ھېكمەت، تۇرمۇشىمىزدا ئىناق-ئىتتىپاقلىق بولمايدىكەن، ھەر قانداق بىر ئىشتا كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز. ئاددىي مىسال ئالساق، بىز تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن، جۈمەكنى ئېچىشتىن بۇرۇن قولىمىزنىڭ بەش بارمىقىنى بىر يەرگە يىغىپ سۇ تۇرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن يۈزىمىزنى يۇيۇش ۋە تاھارەت ئېلىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. ئەكسىچە بەش بارمىقىمىزنى ئايرىۋەتكەندە، مەقسىتىمىزگە يېتەلمەيمىز. ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى — ئىلىمنى پۇختا ئىگىلەپ ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، داڭلىق ئىسلاھچى ۋە يېتەكچى بولغان ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر دامولامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتەي.

- ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولماقلىقىغا بائىس نېمەدۇر؟

- ئىككى نەرسىدۇر. بىرى، جەھلۇ نادانلىق، ئىككىنچىسى، تەپرىقە ۋە خىلافتۇر.

- ئىززەت-ئابرۇي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولادۇر؟

- ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولادۇر.

دېمەك، بۇرۇندىن تارتىپلا ئۇستازلىرىمىز ئىلىم ئىگىلەش ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، بىزلەرگە پەند-نەسىھەتلىك سۆزلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

دېمەكچىمەنكى، ئىسلام ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز ۋە زىممىمىزدىكى پەرزلەرنى تولۇق ئادا قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىكى جاھالەت ۋە نادانلىقنى يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلاپ، ھەربىر مىنۇت پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزىمىزنى ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىز لازىمدۇر.

يەنى ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ يولىيورۇقلىرىنى بىلىشىمىز ۋە ھەر قايسى جەھەتتىكى بىلىملىرىمىزنى پۇختىلىشىمىز زۆرۈردۇر. ناۋادا بىزدە ئىلىم بولمىسا قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەت-توقۇنۇشلارنى توغرا ھەل قىلالماي، ئۇلارنى ياخشى يوللارغا باشلىيالماي قالىمىز. ھەتتاكى، ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىدىمۇ قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قالىمىز.

ئىتتىپاقلىق كۈچ-قۇۋۋەت تېپىشنىڭ يولىدۇر. ئىتتىپاقلىق ئاجىزلارغا قۇۋۋەت بېغىشلىسا، كۈچلۈكلەرگە كۈچ قوشىدۇ. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس-شەرىفتە ئىتتىپاقلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا دەلىللەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: “**مۇئمىنلەر بىلەن مۇئمىنلەر خۇددى بىر-بىرىگە زىچ كىرىشتۈرۈلگەن ئىمارەتكە ئوخشايدۇ، ئۇلار بىر-بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدۇ(رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بۇ گەپنى دەۋېتىپ بارماقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ كۆرسىتىپ قويغان)**”(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئېنىقكى، ئىتتىپاقلىق كۈچ-قۇۋۋەت تېپىشىمىزنىڭ يولىدۇر. ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ “يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس” دېگەن سۆزىدەك، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇيۇشۇپ، ھەرقايسىمىز كۈچلىرىمىزنى بىر يەرگە يىغقاندىلا ئاندىن بىر ئىشتا نەتىجە قازىنالايمىز.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئەسلىدە بىر-بىرىگە دۈشمەن بولغان ساھابىلەرنى ئىسلامدىن ئىبارەت كاتتا نېمەتنى ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ھالاكەتتىن قۇتقۇزغانلىقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېگەن: “**ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر چوڭقۇر دوزاخنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى(ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى**”{سۇرە«ئال ئىمران»(3-سۇرە)، 103-ئايەت}.

يەنە مۇھاجىرلار مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى قېرىنداش قىلىپ قويىدى. مانا بۇ “قېرىنداشلىق ئورنىتىش” ھەرىكىتى مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن ھەر خىل مۈشكۈلاتلارنى ئۈنۈملۈك ھالدا ھەل قىلىشتا

يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان دانا تەدبىر بولغان ئىدى. بۇ توغرىلىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىس شەرىفلىرىگە قارايدىغان بولساق، مەسىلەن: ‹‹**مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ**›› دېگەن ھەدىسى، يەنە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ‹‹**سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ھەتتا قېرىندىشىغا ياخشى كۆرمىگۈچە(كامىل) مۇئمىن بولالمايدۇ**›› دېگەن ھەدىسى، يەنە ‹‹**جېنىم ئىلكىدە بولغان(ئاللاھ) بىلەن قەسەمكى، سىلەر مۇئمىن بولماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر. ھالبۇكى، ئۆزئارا دوستلۇق ئورناتماي تۇرۇپ مۇئمىن بولالمايسىلەر، سىلەرگە دوستلىششىنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ سالامنى ئۆزئارا قانات يايدۇرۇڭلار**››(بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەن ھەدىس شەرىفلەر، دىنىمىزدا مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ياردەم قىلىشىشىنىڭ، دوستلىششىنىڭ ۋە بىر - بىرىگە تىنچ - ئامانلىق تىلەشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

پەقەت ئاللاھ تائالادىن قورققانلار ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىناق - ئىتتىپاقلىقنىڭ پەزىلىتىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ‹‹**مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى قېرىنداشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ قويۇڭلار، رەھمەتكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار**›› {سۈرە«ھۇجۇرات»(**49** - سۈرە)، **10** - ئايەت}. يەنە بىر ئايەتتە: ‹‹**ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ**›› دېگەن{سۈرە«فاتىر»(**35** - سۈرە)، **28** - ئايەت}.

پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىسىدە ‹‹مۇسۇلمانغا تىل تەگكۈزۈش پاسىقلىق، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىقتۇر›› دېگەن.

شۇڭا، بىز ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ۋە ئىمام - خاتىپلار ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمە ئىلىمنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىناقسىزلىقنى يوقىتىشىمىز، ئىتتىپاقلىقنى ئاساس سېلىشىمىز زۆرۈردۇر. ئەڭ مۇھىمى ئاغزىمىزدا ‹‹ئىتتىپاقلىشايلى!›› دەپ قۇرۇق شۇئارلا توۋلاپ قويماي ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىش ئەڭ مۇھىمدۇر.

سۆزۈمنى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ ھەدىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇراي: ‹‹**سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن ئۆچمەنلەشمەڭلار. بىر - بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار. بىر - بىرىڭلارغا تەتۈر قاراشماڭلار. سىلەر قېرىنداشلاردەك ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولۇڭلار، بىر مۇسۇلمانغا ئۆز قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلاپ قويۇشى ھالال بولمايدۇ**››(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنىڭ ئىلمىنى زىيادە قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەتلىك ئىلىم ئاتا قىلسۇن. ھەممىمىزنى ئىسلامنىڭ يولىنى توغرا تۇتۇپ ماڭالايدىغان ئىناق - ئىتتىپاق بولغان مۇستەھكەم، يىمىرىلمەس ئۈممەتلەردىن قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ **2013** - يىللىق ئالىي تېخنىكوم سىنىپىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

---

(بېشى **32** - بەتتە) خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق، ئىسلام دىنى مائارىپقا ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار مائارىپ ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ ۋە يۇكسىلىدۇ. مەن سۆزۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن: ‹‹مۇئمىن ئاخىرقى مەنزىلى جەننەتكە بارغۇچە بىلىمگە تويمايدۇ››(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئاخىرىدا ئاللاھ ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئالادىن ھەربىرىمىزگە ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى، مەجبۇرىيىتىنى توغرا تونۇپ يېتەلەيدىغان ئەقىل ئاتا قىلىشىنى، ھەممىمىزنىڭ ئائىلىسىگە ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئۇرۇقىنى چېچىشىنى، ھەممىمىزگە خاتىرجەملىك، تەن - ساقلىق ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن.

(ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە سايباغ يېزا **3** - كەنت **4** - مەھەللە جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)



# راستچىللىق ئەقىدىسى توغرىسىدا

مۇھەممەدئابدۇللا ئابدۇغېنى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

راستچىللىق بىرخىل گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتتۇر. تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق غەرب ئەللىرىدە بولسۇن ۋە ياكى شەرق ئەللىرىدە بولسۇن راستچىللىق ئەلمىساقتىن تارتىپ مەدھىيەلىنىپ كەلگەن. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا جىلۋە قىلغىنى سەمىمىي كۈلكىلەر بولماستىن، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ساختا، سوغۇق كۈلكىلەر ۋە تۈگىمەس ئاغرىنىشلار بولۇپ، كىشىلەرنى قاچانلاردىن بېرى يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن دەۋەت قىلماقتا.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنسان يارىتىلىشتىنلا جىسمانىي ۋە مەنىۋى تەرەپلەردىكى ئوزۇققا موھتاج. جىسمانىي جەھەتلەردىكى تەلەپلىرىمىزنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ مەنىۋى ئېھتىياجىمىزمۇ ماس ھالدا قانائەت ھاسىل قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن جەمئىيىتىمىزدىكى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ھەرخىل ساختىلىق، يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئىشەنچسىزلىك مەسىلىلىرى ئىنسانلارنى تەشۋىشكە سېلىپ، ئىسلام دىنىدىكى راستچىللىق ئەقىدىسىنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

### ئەخلاق-پەزىلەت

راستچىللىق ئىماننىڭ ئاساسىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **“ئى مۇئمىنلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار”**{سۈرە«تەۋبە»(9-سۈرە)، **119**-ئايەت}؛ **“پەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارلا يالغاننى توقۇيدۇ، دەل ئاشۇلارنىڭ ئۆزى يالغانچىلاردۇر”**{سۈرە«نەھل»(16-سۈرە)، **105**-ئايەت}، دېيىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى راستچىل بولۇپ يالغانچىلىقتىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرغان. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **“ھەقىقەتەن راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ، بىر ئادەم راست**

**سۆز قىلىشىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا راستچىل دەپ پۈتۈلىدۇ. يالغانچىلىق بولسا گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم يالغانچىلىق قىلىشۇەرسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا يالغانچى دەپ پۈتۈلىدۇ''**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىقى روشەن قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ راستچىللىق ئەخلاقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن.

ئىسلامدىكى راستچىللىق ئەقىدىسىنى بىر جۈملە بىلەن ئىپتىقاندا ''دىلى بىلەن تىلى، تىلى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش''قا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، يەنى دىلىمىزدا ئويلىغىنىمىز بىلەن سۆزلىگىنىمىز بىردەك بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۆزلىگىنىمىز بىلەن قىلىۋاتقان ئىش-ھەرىكىتىمىزنىڭ بىردەك بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلامدىكى راستچىللىق ئەقىدىسى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت نىزامى، ئۇ خۇددى كۆرۈنمەس قولغا ئوخشايدۇ. ئۇزىنىڭ كۆرۈنمەس قولى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ. ئەنە شۇ كۆرۈنمەس قول تۇرمۇشىمىزدا تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

### 1. ياراتقۇچى ئاللاھ بىلەن يارالغۇچى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى راستچىللىق

ياراتقۇچى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بارلىق ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ نېگىزى. ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ سەردارى بولغان ئىنسانلارنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن يەر شارىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن ياراتتى؛ **''ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: 'مەن يەر يۈزىدە بىر خەلىپە يارىتىمەن' دېدى. پەرىشتىلەر: 'يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان ئىنساننى (خەلىپە قىلىپ) يارىتامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز، مۇقەددەس دەپ ئېتىقاد قىلىمىز' دېدى. ئاللاھ: 'مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن' دېدى''**{سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، 30 - ئايەت}. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا ناھايىتى نازۇك ۋە چوڭقۇر بولغان مۇناسىۋەت شەكىللەندى. ئىنسانلار يەر يۈزىدىكى ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ كونتروللۇقىدا ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. گەرچە بىز ئاددىي كۆزىمىز بىلەن ئاللاھنىڭ ھەر ۋاقىت بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرەلمىسەكمۇ، بىراق ئاللاھ تائالا بىزگە قۇرئان كەرىمدە: **''سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىللە. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر''**{سۈرە«ھەدىد»(57 - سۈرە)، 4 - ئايەت}؛ **''شۈبھىسىزكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھ تائالاغا مەخپىي ئەمەستۇر''**{سۈرە«ئال ئىمران»(3 - سۈرە)، 5 - ئايەت} دېيىش ئارقىلىق بىزنى ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ كونتروللۇقىدا ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇماي سەممىي راستچىل بولۇشقا ئاگاھلاندۇردى.

### 2. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى راستچىللىق

راستچىللىق پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى. مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى راستچىللىقتىن ئايرىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **''ئاللاھ تائالا كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى سىرلارنى بىلىپ تۇرىدۇ''**{سۈرە«غافىر»(40 - سۈرە)، 19 - ئايەت}. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا راستچىللىقنى، ئادىللىقنى تەلەپ قىلىپ ئالدامچىلىق ئىرق - نەسەب ئايرىشقا قارشى تۇرىدۇ.

ئاتا - ئانىنىڭ راستچىللىقى پەرزەنتلىرىگە ئىگە بولۇپ قاتارغا قوشۇش، ئائىلىدىكى ئەڭ ياخشى تەربىيەچى رولىنى ئويناش، ھالال جۈپتىگە سادىق ھەمدە ۋاپادار بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **''ئەرلەر ئاياللارنى باشقۇرغۇچىدۇر. بۇ ئاللاھنىڭ ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلغانلىقىدىن ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر، ياخشى ئاياللار ئىتائەتمەن، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردىمۇ ئاللاھنىڭ تەلىپى بويىچە ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلايدىغان ئاياللاردۇر''**{سۈرە«نىسا»(4 - سۈرە)، 34 - ئايەت}.

سودىگەرنىڭ راستچىللىقى تارازىدا ئادىل، گەپ - سۆزدە راستچىل بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **''ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا ئادىل بولۇڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق**

**قىلىپ قالايمىقانچىلىق تېرىماڭلار**''{سۈرە «ھۇد»(11 ـ سۈرە)، 85 ـ ئايەت}. ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودىلاشقان جايدىن يۆتكىلىپ كەتمىسىلا، ئۇلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇش ئىختىيارى بولىدۇ. ئەگەر سودىدا راست گەپ قىلىشسا، مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇشمىسا، ئۇلارنىڭ سودىسى بەرىكەتلىك بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار مالنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇشسا، سودا ئۈستىدە يالغان گەپ قىلىشسا قىلغان سودىسىنىڭ بەرىكىتى ئۆچۈپ كېتىدۇ**''(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

گۇۋاھچىنىڭ راستچىللىقى، ھەقنى سۆزلەش، توغرا گۇۋاھلىق بېرىشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ''**يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار**''{سۈرە «ھەج»(22 ـ سۈرە)، 30 ـ ئايەت}؛ ''**ئى مۇئمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ۋە تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار باي ياكى پېقىر بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئادالەتتە چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھ رازى بولغۇدەك گۇۋاھلىق بېرىڭلار. ئاللاھ ئۇلارغا سىلەردىن يېقىندۇر، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغىساڭلار(يەنى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر**''{سۈرە «نىسا»(4 ـ سۈرە)، 135 ـ ئايەت}. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''مەن سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىرنى دەپ بېرەيمۇ؟'' دېۋىدى، بىز: ''بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى'' دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''**ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش**'' دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى ئۇ رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ: ''**ئاگاھ بولۇڭلاركى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، ئاگاھ بولۇڭلاركى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش**'' دەپ بۇ سۆزنى تەكرارلىدى. بىز: ''كاشكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ قالسىكەن'' دېيىشىپ كەتتۇق(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

(ئاپتور: غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 2013 ـ يىللىق دىنشۇناسلىق ئىلمى ئىسلام دىنى كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى؛ تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر)

(بېشى 40 ـ بەتتە) جەمئىيەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق ھېلىھەم بىر قىسىم كىشىلىرىمىز تالاي كېچىلەرنى ''قوزام ـ قوزام'' دەپ كۆز يۇمماستىن تاڭ ئاتقۇزۇپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە چوڭ قىلغان پەرزەنتلىرىنى ئۆز غاپىللىقىنىڭ قۇربانى قىلىپ ''دېھقان بالىسى كادىر بولماس، جىگدە ياغىچى بادرا'' دېگەندەك قۇرۇق سەپسەتىلەرگە قارىغۇلارچە ئىشىنىپ مەكتەپتىن قاچۇرۇۋاتقان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇنداق بالىلار ئاخىرقى ھېسابتا بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقلىرىغا پېتىپ مەيلىگە قويۇپ بېرىلگەن ''توسۇن ئاتتەك'' باشقۇرماق تەس بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئاتا ـ ئانىلارغا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد ـ ئەلەم ئېلىپ كېلىدۇ.

قەدىرلىك قېرىنداشلار! ئەگەر پەرزەنتلەرنى ھاياتىمىزنىڭ بەرناسى قىلماقنى ئارزۇ ـ ئۈمىد قىلساق، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ تەلىپى بويىچە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، شەرمى ـ ھايالىق قىلىپ تەربىيەلەپ، ئىلىم نۇرى بىلەن قەلبىنى يورۇتۇپ ئەقىل بۇلاقلىرىدىن بال تامىدىغان، جەمئىيەت ۋە خەلققە يارىملىق ئىزباسارلاردىن قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك. ئورۇنسىز سورۇنلارغا سەرپ قىلىدىغان مال ـ مۈلۈكلىرىمىزنى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن يول ھازىرلىشىمىز لازىم. ئاللاھ ھەممىمىزگە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسۇن ئامىن!

(ئاپتور: يەكەن ناھىيە چاھارباغ يېزا مەسچىت ئىمام ـ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەدئەمىن مەخمۇت)



# پەرزەنت تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرەيلى

تۇرسۇنىياز ئاۋۇت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

دۇنيادا بالىسىنىڭ ئەقىلسىز، بىلىمسىز، ئەخلاقسىز، يارامسىز بولۇپ قېلىشىنى خالايدىغان بىرمۇ ئاتا-ئانا بولمىسا كېرەك. ھەرقانداق ئاتا-ئانا پەرزەنتىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنىڭ خەيرلىك، بەخت تەلىيىنىڭ ئوڭ، يارامىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. دەۋر تەرەققىياتى ئۇچقاندەك يۈكسىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە گەرچە كۆپ ساندىكى قېرىنداشلىرىمىز پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەلىم تەربىيە ئىشلىرىغا ياخشى كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇلارنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئاز بىر قىسىم ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇنىڭغا سەل قاراۋاتقان ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇ ھال پەرزەنتلىرىنى دۇنيادا مەنپەئەتسىز، يارامسىز قىلىپ قويغاندىن سىرت، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدىن قۇرۇق قېلىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىككىلا دۇنيادا بەختسىزلەردىن بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "**ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ**"{سۈرە«تەھرىم»(66-سۈرە)، 6-ئايەت}.

"تەدبىرنىڭ قانداق بولسا تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ" دېگەندەك تەقدىردىكى بەختسىزلىك تەدبىردىكى پەمسىزلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ يەردىكى تەدبىر قانداقتۇ بالىنىڭ قورسىقىغا ئاش-نان بېرىپ، ئۇچىسىغا كىيىم كىيدۈرۈپ چوڭ قىلىش ئەمەس، بەلكى بالىنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيەلەش، مەنىۋى ئوزۇق بېرىشتىكى ماھارەتنى كۆرسىتىدۇ. رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى كۈندە، بەزىلەر ھەممىدە يېڭىدۇ ۋە ھەمىشە ئۇتۇپ چىقالايدۇ؛ يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ھەممىدە يېڭىلىپ قالىدۇ ۋە ھەمىشە مەغلۇپ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە غالىبلار مەغلۇبلاردىن بۆشۈكتىلا، ياق، ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپلا ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئاتا-ئانا بولغۇچى پەرزەنتىنىڭ تەقدىرىنى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

ئاتا-ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''ھەرقانداق بالا ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا-ئانىسى يا يەھۇدىي، يا ناسارا، يا مەجۇسىي قىلىدۇ''**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتنىڭ تۇنجى ئۇستازى بولۇپ، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ قايسى يولدا مېڭىپ، قانداق ئادەم بولۇش، ئۆتۈق قازىنىشى ياكى مەغلۇبىيىتىدىكى ئاساسچىلاردۇر.

قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىلار! ئاشۇ يۇلتۇز كەبى پەرزەنتلىرىمىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زەپەر قۇچقان مۆتىۋەرلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەپ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە تاپشۇرغان ئامانىتىنى تولۇق ئادا قىلىشىمىز كېرەك. كىشىلەر بالىلارنى بەزىدە ئاق قەغەزگە بەزىدە پەرىشتىگە ئوخشىتىدىكەن، مەنچە بالا دېگەن بىر تۈپ كۆچەتكە ئوخشايدۇ. بىر تۈپ كۆچەتنىڭ تۈز چىرايلىق ئۆسۈشى مۇنبەت تۇپراق، كۈن نۇرى، سۇ ۋە ھەرخىل ئوزۇقلۇقلارنىڭ بولۇشىدىن سىرت ياخشى بىر باغۋەن ئۇنىڭ هارام شاخلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا چاتاپ دائىم پەرۋىش قىلىشىغا موھتاج بولغىنىدەك بىر بالىنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈنمۇ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشتىن سىرت ئىناق ئائىلە، ساغلام تەربىيە ۋە بالا ھەر ۋاقىت ھېس قىلالايدىغان توغرا بولغان كۆيۈم كەم بولسا بولمايدۇ.

**1. ئىناق ئائىلە**

''ئىناق ئائىلە'' پەرزەنت ئۈچۈن ھەر زامان ''يۆلەنسە تاغ، يىقىلسا باغ'' بولالايدۇ. ئۇلارغا بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. ئۇلار نېمىلا ئىش قىلمىسۇن توسالغۇ ئاز بولىدۇ، كەيپىياتى ھەمىشە كۆتۈرەڭگۈ كېلىدۇ، ھاياتقا دائىم ئۈمىد بىلەن باقىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى تولۇق جاھاننىڭ يوقسۇزلۇقنى خىجىل قىلىدۇ، مەنىۋىيىتىدىكى خاتىرجەملىك دۇنيانىڭ ئەنسىزلىكىنى يوقىتىدۇ.

**2. ساغلام تەربىيە**

''ساغلام تەربىيە'' ئىنسان ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلانسا ئۈنۈمى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى قىزىتىلغان تۆمۈرگە ئوخشايدۇ، تۆمۈرنى قىزىق ۋاقتىدا قاياققا بۇرىسا شۇ تەرەپكە بۇرىغىلى، نېمە خالىسا شۇنى سوقىلى بولىدۇ، ئەگەر تۆمۈر سوۋۇپ كەتسە، ھەرقانچە ئۇرۇلغان بىلەنمۇ ھېچ بىر نەتىجە چىقمايدۇ. شۇڭا پەرزەنتلىرىمىزدىن نۇرغۇن ياخشى ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىكەنمىز، شۇ ئۈمىدلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيەلەپ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىشكەن ياراملىق ئىزباسارلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالىساق، ئۇلاردىن كۈتكەن ئۈمىد، كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيمىز.

**3. توغرا بولغان كۆيۈم**

كۆيۈمچانلىق خۇددى كۈن نۇرىغا ئوخشاش بولۇپ بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كەم بولسا بولمايدۇ. كۆيۈمنىڭ ھارارىتى خۇددى قۇياشنىڭ ھارارىتىدەك تەڭشەلگەن، بالىغا ماس كەلگەن بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، ئۇلارنى ياخشى چۈشىنىشى زۆرۈر. كۆيۈنۈش ھەرگىزمۇ ''ھەممە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىش''، ''خالىغان ۋاقىتتا كۆيۈنۈش'' بولماستىن، بەلكى بالا ھەر ۋاقىت ھېس قىلالايدىغان، مىننەتسىز، ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بولۇشى كېرەك.

قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىلار! ھەممىمىز ھايات دەپتىرىمىزگە ئۈمىد سىياھلىرى بىلەن دەرد ـ مېھنەت رەقەملىرىدىن ''پەرزەنت'' دېگەن نەقىشنى چېكىمىز، چۈنكى پەرزەنت بىزنىڭ ئىزباسارىمىز، بىز يېتەلمىگەن ئۈمىد مەنزىلگە تۇغ ئەلەم قادايدىغان ئۈمىد چىرىغىمىزدۇر. ئەگەر بىز ئاشۇ چىراغنىڭ تېخىمۇ چاقناپ، قۇياش كەبى پۈتۈن جاھانغا مەڭگۈلۈك يورۇقلۇق ئاتا قىلىسكەن دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭغا كېتەرلىك كۈچ قۇۋۋەتنى كىچىكىدىن باشلاپ ھازىرلىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغانىكەن ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ياخشى بولغان تەربىيە ئۇسۇلى، تەربىيە مۇھىتى ۋە تەربىيە شارائىتىنى يارىتىپ بەرگەندىن سىرت، ئۆزى ئۇلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يوليورۇق بېرىپ: **''پەرزەنتىڭلارنى ئىززەتلەش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىنىمۇ ياخشىلاڭلار''**؛ **''ھېچقانداق ئاتا پەرزەنتىگە خۇلق ۋە ئەدەپتىن بۈيۈكرەك مىراس قالدۇرالمايدۇ''** دېگەنىدى. (داۋامى 38 ـ بەتتە)



# پەرزەنت تەربىيەسى تەخىرسىز مەسئۇلىيەتتۇر

ئابدۇغوپۇر ئابدۇرېھىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

پەرزەنت روھىمىزنىڭ ئۇرۇقى، ۋۇجۇدىمىزنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە ھاياتىمىزنىڭ داۋامىدۇر. ھايات ئۆتكۈنچىدۇر، بىزگە باقمايدۇ، ئەمما پەرزەنتلەر ۋارىسلىرىمىز سۈپىتىدە مەرىپەتنى زاماندىن ـ زامانغا ئۇلاپ، مۇرات ـ مەقسەتلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلاردۇر. پەرۋەردىگار بىزگە پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئۇنى نېمەت ۋە سىناق سۈپىتىدە قوبۇل كۆرۈپ، تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلىرىمىزنى يۇكسەك سۆيگۈدە تەخىرسىزلىك بىلەن ئادا قىلساق، ئىككى دۇنيالىق شەرەپ، سائادەت ۋە بەرىكەتكە يول ئاچقان بولىمىز. ناۋادا غەپلەت ـ غاپىللىق تۈپەيلى پەرزەنتتىن ئىبارەت نېمەتنى زايە قىلىۋەتسەك، ئىككى دۇنيالىق كۈلپەت ـ ئۇقۇبەتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغان بولىمىز.

قۇرئان كەرىمدە: ''**ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار**''{سۈرە«تەھرىم»(66 ـ ئايەت)، 6 ـ ئايەت} دېيىلگەن، بۇ ئايەتتە، مۇسۇلماننىڭ ئۆزى ۋە بالىچاقىسىنى تەربىيەلىشى، ئۆزى ۋە بالىچاقىسىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ئەڭ كەسكىن رەۋىشتە كۆرسىتىلگەن. ئىسلامدا پەرزەنت تەربىيەسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. بۇ نۇقتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمەت سۈپىتىدىكى ئەمەلىي ئۈرنەكلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرلۇك ياش باسقۇچىدىكى بالىلارغا ئۇلارنىڭ يېتىلىش ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلغان ھالدا بەك لايىقىدا مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ بالىلارنى سۆيەتتى، ئۇلار بىلەن بىرگە ئوينايتتى، ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلايتتى، ئۇلارنى ئەركىلىتەتتى، ئۇلارغا چاقچاق قىلاتتى، ئۇلارنى كۆتۈرەتتى، قۇچىقىغا ئالاتتى، ئۇلارغا ياخشى يېمەكلىكلەرنى تەقدىم قىلاتتى، ئۇلار بىلەن بىللە تاماقلىناتتى، ئۇلارنى مۇسابىقىلەشتۈرۈپ ئۇتقانلارنى مۇكاپاتلايتتى. ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك تەرەپلىرىنى ناھايىتى چىرايلىق ئۇسلۇبتا كۆرسىتىپ بېرەتتى، ئۇلارغا سالام قىلاتتى. قىسقىسى ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىن ھەرقانداق بالا تەسۋىرلىگۈسىز ئىزگۈلۈكلەرگە ئېرىشەتتى. سەنەدى سەھىھ بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: ''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن كېلىپ، پەيغەمبەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىگە چۈشۈشىگە ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋالىدى، باشقىلار ئۇلارنى بۇنداق قىلىشتىن توسماقچى بولۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشارەت ئارقىلىق ئۇلارنى توستى، نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، ئۇ ئىككىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ: 'مېنى ياخشى كۆرگۈچى بۇ ئىككىسىنىمۇ ياخشى كۆرگەي' دېدى''. بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ كۆڭلىنى شادلىقنى نامازدىن ئىبارەت ئىبادەت بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپتۇ، دېگەن تەسىراتقا مۇيەسسەر بولۇش بىلەن بىرگە پەرزەنتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشتىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىز، ساۋاتسىزلىقلىرىمىز، ھەتتا نادانلىقلىرىمىز ھەققىدە ئىزتىراپلىق ئويلارغا چۆمۈلىمىز.

بالا تۇغۇلغان ھامان ئاتا ـ ئانىلار تۆۋەندىكى سۈننەت ئەمەللەرنى ئېلىپ بارىمىز. بالا تۇغۇلغان تۇنجى كۈنى: بىرىنچى، پىترە زاكات بېرىش(يەنى بالىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى ھېس قىلىش، بالىغا ئېھسانلىق تۇيغۇدا يۇزلىنىش). ئىككىنچى، مىراسقا ھەقلىق قىلىش(يەنى كىشىلىك سالاھىيىتىنى بېكىتىش). ئۈچىنچى، كىشىلەرگە خوش خەۋەر بېرىش بىلەن ئۇنى تەبرىكلەش(يەنى خوش خەۋەر يەتكۈزۈش ۋە مۇبارەكلەش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى رىشتە ئېخىمۇ كۈچىيىدۇ). تۆتىنچى، ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىش(يەنى بالا تۇغۇلغان تۇنجى سائەتتە ئۇنىڭغا ئەزان ۋە تەكبىردىن ئىبارەت نىجاتلىق چاقىرىقىنى ئاڭلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تۇيغۇسىنى ئىسلامغا باغلاش ۋە شەيتاننى يىراق قىلىش). بەشىنچى، بېرىلگەن يېڭى نېمەت ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىش. ئالتىنچى، بالىنى ئېغىزلاندۇرۇش(يەنى سالىھ ـ پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ئېغىزلاندۇرۇش ۋە دۇئا ئېلىش) قاتارلىق ئەمەللەر ئادا قىلىنىدۇ. ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى، بۇ ئەمەللەردىن دەسلەپكى ئۈچى بالىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى(يەنى كىشىلىك سالاھىتى)غا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي ئەمەللەر، يەنە كېلىپ كىشىلەرنىڭ يادىغا دەماللىققا يەتمەيدىغان ياكى سەل قارىلىدىغان ئەمەللەر بولغاچقا ئالدىنقى تەرتىپكە قويۇلغان بولسا كېرەك.

بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قىلىنىدىغان ئەمەللەر: بىرىنچى، ئىسىم قويۇش(يەنى ئاللاھ رازى بولىدىغان چىرايلىق ئىسىم ۋە بىلەن چاقىرىش ئارقىلىق بالىنى مەنىۋى جەھەتتىن زىننەتلەش). ئىككىنچى، چېچىنى چۈشۈرۈش(يەنى چېچىنى چۈشۈرۈپ، چېچىنىڭ مىقدارىدا كۈمۈش سەدىقە قىلىپ، بالىنىڭ قورساقتىكى ھامىلىلىك ھالىتىدىن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىغا ئەمەلىي ھالدا شۈكرى ئېيتىش). ئۈچىنچى، ئەقىقە قىلىش(يەنى، ئوغۇل بولسا ئىككى، قىز بولسا بىر قوي قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق بالىنىڭ نەسەبىنى ئېلان قىلىش، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىن ئۆرنەك ئېلىش، بالا ئۈچۈن مۇراسىم قىلىپ ئۇنى ھۆرمەتلەندۇرۇش، بالىنىڭ شەيتاننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇش، بالىنىڭ شەپقەتلىك بولۇشىغا بەدەل سەرپ قىلىش، دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىقلاردۇر. بۇ پائالىيەتلەر بالىدىن ئىبارەت يېڭى نېمەتكە قانداق يۈزلىنىشتىكى ئىخلاس مەسىلىسى بولۇپ، بالىنىڭ شەيتاننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇش مۇھىم بىر تەرەپتۇر.

پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەش ئاتا ـ ئانىلار باش تارتىشقا بولمايدىغان تەخىرسىز مەسئۇلىيەتتۇر. باللىرىمىزنى دىيانەتلىك، يارامىلىق تەربىيەلىسەك، بۇنىڭ شەرىپى ۋە بەرىكىتىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە كۆرىمىز. ناۋادا بەتئەخلاق، ناباب تەربىيەلىسەك، بۇنىڭ نادامىتى ۋە كۈلپىتىنى ھەم ئىككىلا دۇنيادا كۆرىمىز. بۇ ھەقتە ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: ''بالا ئاتا ـ ئانىغا ئامانەتتۇر، بالا تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ھېچنېمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ساپ گۆھەرگە ئوخشايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ كۆزىگە چېلىققان ياكى تەسىر قىلغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىياپىتىنى زېھنىدە قالدۇرىدۇ. مايىل قىلىنغان ھەرقانداق نەرسىگە دىلى مايىل بولىدۇ. ياخشىلىققا ئۆگىتىلسە ياخشىلىق ئۈستىدە چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، تەربىيەلىگۈچىسى، ئىلىم ئۆگەتكۈچىلىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ناۋادا يامانلىققا كۆندۈرۈلسە ياكى ئۇ ھايۋان باللىرىدەك مۇئامىلىدە چوڭ بولسا، تەربىيەلىنىشىگە سەل قارىلىپ ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىلسە، يامان تەبىئەتلىك ئادەم بولۇپ ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. بۇنىڭ گۇناھى ئۇنىڭ تەربىيەلىنىشىگە مەسئۇل ھەربىر ئادەمگە يۈكلىنىدۇ...''.

يۇقىرىقى مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن ئىسلامدا پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. كېيىنكى دەۋرلەردە ياشىغان ھەر مىللەتتىن بولغان ئىسلام ئالىم ـ ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ۋە ئېسىل ئۆرنەكلەرنى قالدۇرغان. مەسىلەن: ئېلىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ياشىغان مەشھۇر ئىسلام ئالىمى لىيۇ جېلىيەن ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا ئۇستىدىكى مەجبۇرىيىتى ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىپ: ”ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا بولغان ھەققىي ھامىلە مەزگىلىدىكى پەرۋىشكە ئەھمىيەت بېرىش، تۇغۇلغاندا چىرايلىق ئىسىم قويۇش، تولۇق ئېمىتىپ، تىمەن قىلىش، كېسەل ۋە زەخمەتلەرگە ئۇچرىشىدىن ھوشيار بولۇش، ئەدەپكە يۇرىكى بىلەن كۆندۈرۈش، يارامىلىق ئۇستازغا بېرىپ ئىلىم ئۆگىتىش، تالانتىغا يارىشا كەسىپ ئىگەللىتىش، يېشىغا يەتكەندە ئۆيلەندۈرۈش بىلەن تاماملىنىدۇ“ دېگەن.

جەمئىيىتىمىزدە قانچىلىك ئاتا ـ ئانا بالىلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى يۇقىرىقى تەرتىپ ۋە سۈپەتتە ئادا قىلىۋاتقاندۇ؟! بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ باقايلى.

نۇرغۇن يىگىت ـ قىزلىرىمىز نىكاھنىڭ شەرتى، ئەھمىيىتى ھەققىدە ئىلمىسىز ھەتتا خاتا چۈشەنچىدە بولغاچقا ھەشەمەتچىلىك ۋە داغۋازلىقنىڭ كەينىگە كىرىپ، قەرزدار بولۇش، ھال سوراش بەدىلىگە ”ئائىلە“ ئەمەس ”ئۆي“ قۇرۇۋاتىدۇ. نەتىجىدە قەرزنىڭ دىشۋارچىلىقىدا بالىلىق بولسام دوختۇرخانىغا چىقىمدار بولىمەن. ئەل قاتارى ”بۆشۈك توي“ قىلمىسام بولمايدۇ. يەسلىگە بەرسەم، ”خەتنە توي“ ياكى ”گۈل چاي“ قىلسام چىقىمدار بولىمەن دەيدىغاندەك غەم ـ غۇسسىلەر بىلەن كېچىكىپ پەرزەنتلىك بولۇۋاتىدۇ ياكى قورۇنۇپ ـ قىسىنىپ، دەككە ـ دۈككە بىلەن پەرزەنتلىك بولۇۋاتىدۇ.

پسىخولوگىيەدە يەكۈنلىشىچە، بالىلىق ـ مەزگىلىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېتەرلىك كۆيۈمى ۋە ئېتىبارىغا ئېرىشەلمىگەنلەر پارازىتلىق ۋە چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار بولۇپ، ھاياتنى خارابلىق ياكى خارلىقتا ئۆتكۈزىدۇ. ھازىر نۇرغۇن ياش، ئوتتۇرا ياش ئاتا ـ ئانىلار خىزمەت ئالدىراشچىلىقى، ئارىغا كەلمەيدىغان ئادەمگەرچىلىك، ”قاتار چاي“ قاتارلىقلارنى باھانە قىلىپ بالىلارنى ئاتا ـ ئانىلىرىغا، بالا باققۇچىلارغا تاپشۇرۇپ، بالىلارنى ئۆزلىرىگە ”ئۆگەي“ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە چۈشكۈنلۈك ۋە بىقىنەدىلىقنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولغان مۇھەببەت كەمتۈكلۈكىنى يىلتىزلاندۇرماقتا، ھەتتا خېلى ساندىكى ياش، ئوتتۇرا ياش ئەر ـ ئاياللار نىكاھ ئەھدىسى، ئائىلە شەنىگە خىيانەت قىلىپ ئاشنا تۇتۇپ، بالىلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى جاراھەتلەندۈرمەكتە. بىر تۈركۈم ئەر ـ ئاياللار كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ ياكى ئانچىكىم ئازار ـ زىددىيەتلەرگە سەۋر قىلالماي ئاجرىشىپ، بالىلىرىنى تىرىك يېتىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھى ۋە خاراكتېرىنى سۇندۇرماقتا. قىسمەن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ رايىغا بېقىش، ھەرقانداق تەلىپىنى قاندۇرۇشنى كۆيۈنگەنلىك، دەپ بىلىپ، بالىلارنىڭ يامان خاھىش، ناچار ئادەتلىرىگە چەك قويماي، ئۇلارنى شەخسىيەتچى، كۆكەرمە، ئۆكتەم، بۇزغۇنچى قىلىپ تەربىيەلىمەكتە. يەنە شۇنداقمۇ بىر تۈركۈم ئاتا ـ ئانىلار باركى، ئۇلار بالىلىرىنى ـ يارامىلىق تەربىيەلەشنى كۆزلىسىمۇ، بالىلار ئىلىمگە يېقىنداقلىقىدىن، بالىلارنىڭ كىشىلىك سالاھىتىگە، يېتىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە تەقەززاسىغا قىلچە ھۆرمەت قىلماي، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى تېڭىپ، ھاياتلىق مۇساپىسىدە كىشىلىك ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىقنى جەۋلان قىلدۇرۇشنىڭ مەنبەسى بولغان خاراكتېر خاسلىقىنى تۈپلەش تۈگۈل، نابۇت قىلماقتا. داڭلىق پېداگوك تاۋ شىڭجى ”نېمە ئۆگىتەيلى، قانداق ئۆگىتەيلى، بالىلىرىمىز ھەققەتنى بىلسۇن، نېمە ئۆگەنسۇن، قانداق ئۆگەنسۇن، بالىلىرىمىز يارامىلىق بولسۇن“ دېگەن. بالىلارغا يارامىلىق ئادەم بولۇشنى بىلدۈرۈش ـ پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ نېگىزى بولسا، ساغلام ئېتىقاد، توغرا قىممەت قاراش تۇرغۇزۇش ـ يارامىلىق ئادەم بولۇشنىڭ يادروسىدۇر. مانا مۇشۇ ئاساستا، بالىلارغا مېھرىبانلىق، ساداقەتمەنلىك، مەسئۇلىيەتچانلىق، دۇرۇسلۇق، ۋىجدان تەربىيەسىنى تىلى چىققاندىن تارتىپ جەمئىيەتكە قەدەم قويغۇچە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇلارنى مىللەت، جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىشىمىز لازىم. بۇنىڭدا يارامىلىق ئادەم بولۇش ئەقىدىسى بالىلىرىمىزنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىزلىنىپ، يارامىلىقتا ئائىت ھەربىر ئۇقۇمنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ ئاڭلىق، ئىزچىل ھەرىكىتىگە

www.uyghurkitap.com

ئايلىنىشى تولىمۇ مۇھىمدۇر.

پەرزەنت تەربىيەسىدە ئاتا ـ ئانىنىڭ تىلى بىلەن دىلى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولغان ئۈلگىلىك رولى بەك مۇھىمدۇر. ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يۆلەك ۋە ئۈلگىدۇر. ئۇلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىش قىلىشتىكى ئۇسۇلىنى قۇسۇرسىز دەپ بىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار تۇرمۇشتا تەرتىپلىك، مۇرۇۋۋەتلىك، شەرەپلىك بولساق پەرزەنتلىرىمىزمۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا مانا بۇ تۇرمۇشنىڭ ئۆلچىمىكەن دەپ ئىخلاس قىلىدۇ. ناۋادا ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار تۇرمۇشنى لايىغەزەللىكتە ئۆتكۈزسەك، ئىشلارنى كەلسە ـ كەلمەس قىلساق، بالىنىڭ نەزىرىدە تۇرمۇشنىڭ سۈپەتسىز تۇيۇلۇشى تەبىئىي. دېمەك، پەرزەنت تەربىيەسى مۇكەممەللىككە ئىنچىكە يۈزلىنىپ، بالىلىرىمىزنى يارىلىشقا يېتەكلەيدىغان مەڭگۈ مۇساپە ۋە مەڭگۈ بەرپاچىلىقتۇر. شۇڭا ئۆزىمىزدە پەرزەنت تەربىيەلەشكە مۇناسىپ سۈپەت ۋە سالاھىيەت ھازىرلاش پۈتۈن ھاياتىمىزغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل 13 ـ دىۋىزىيە ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

## پەيزىۋات ناھىيەسىدە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش مەركىزى قۇرۇلدى

2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پەيزىۋات ناھىيەسىدە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش مەركىزى قۇرۇلدى. بۇ تەربىيەلەش مەركىزىگە تۆت مىليون يۈەندىن ئارتۇقراق مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق كونا ئىدارىنى ئۆزگەرتىپ، كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش دەرسخانىسى، مەسچىت، يىغىن زالى، كۇتۇپخانا، ياتاق، ئاشخانا، سەھىيە ئۆيى قاتارلىق ئوقۇتۇش، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولغان، بىر قېتىمدا 150 ئادەمگە ياتاق، تاماق ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغان تەربىيەلەش مەركىزى قۇرۇپ چىقىلدى.

بۇ تەربىيەلەش مەركىزىدە بۇ يىل 2 ـ ئايدىن باشلاپ ئوقۇتۇش ـ تەربىيەلەش باشلاندى.

بۇ تەربىيەلەش مەركىزىدە ناھىيەلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىقىدىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس دەرس ئۆتىدىغان 45 نەپەر ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى خادىم ۋە ئارقا سەپ خادىمىدىن 15 نەپەر كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ھازىر بۇ ئورۇنغا يەنە 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ يەنە بىر ئۇنىۋېرسال بىنا سېلىنىۋاتىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، ھەر قېتىمدا 300 ئادەمگە ياتاق، تاماق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش ـ تەربىيەلەش ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. شۇنداقلا، ئۈچ ئايلىق ۋە ئالتە ئايلىق دىنىي ئەقىدە ۋە ئۆرپ ـ ئادەت سىنىپى ئېچىلىپ، دىنىي بىلىمى تۆۋەن دىنىي زاتلار ۋە ئىزباسار دىنىي زاتلار تەربىيەلىنىدۇ. (مۇھەممەدجان خەۋىرى)

## پەيزىۋات ناھىيەسىدە "ئەسەبىيلىكنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دىنىي ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھلەش" تېمىسىدىكى ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى

پەيزىۋات ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى، ناھىيەلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى، ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن پەيزىۋات ناھىيەلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش مەركىزىدە 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە "ئەسەبىيلىكنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دىنىي ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھلەش" ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىملىق مۇسابىقىگە ناھىيە تەۋەسىدىكى 13 يېزا ـ بازاردىكى دىنىي زاتلار ئارىسىدىن تاللانغان 117 نەپەر ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئالتە كۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ مۇسابىقىدە دەسلەپكى تاللاش مۇسابىقىسى ئارقىلىق 30 نەپەر ماھىر ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە تاللاندى ۋە كەسكىن مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق ئۆمەر راخمان قاتارلىق ئۈچ نەپەر ماھىر بىرىنچىلىككە، ئىبراھىم ئابلىز قاتارلىق ئالتە نەپەر ماھىر ئىككىنچىلىككە، ئابدۇلتىپ مامۇت قاتارلىق توققۇز نەپەر ماھىر ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى.

بۇ قېتىملىق مۇسابىقە ئارقىلىق پەيزىۋات ناھىيەسىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ ئەسەبىيلىكنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش، ئەسەبىيلىكنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سەپسەتىلەرگە رەددىيە بېرىش، توغرا بولغان بولغان ئېتىقاد قارىشى تۇرغۇزۇپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھلەش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئاشتى، شۇنداقلا، دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن ئېڭى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە باشلامچىلىق ۋە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، دىنلار ئىناقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش ئاكتىپچانلىقى ئۆستى.

(مۇھەممەدجان، مەخەت ھامۇللا خەۋىرى)



# ئىمام سۇيۇتى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ھاياتى

مۇھەممەد ئابدۇرېھىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## ئىمام سۇيۇتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى

ئىمام سۇيۇتى ھىجرىيە 9 ـ ئەسىردە ئۆتكەن، يازغان ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى بىلەن داڭ چىقارغان، ھەمدە ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىدا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان، ئېنسىكلوپېدىيەلىك، يېتۈك، ئۇلۇغ ئالىم.

ئىمام سۇيۇتىنىڭ تولۇق ئىسمى ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ ''جالالۇددىن سۇيۇتى'' دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇ ئاتىسىنىڭ يۇرتى ''ئۇسيۇت'' قا نىسبەت بېرىلگەچكە ئۇنىڭغا ''سۇيۇتى'' دېگەن تەۋەلىك نام قوللىنىلغان.

ئىمام سۇيۇتى ھىجرىيە 849 ـ يىلى(يەنى مىلادىيە 1445 ـ يىلى) رەجەب ئېيىنىڭ بېشىدا يەكشەنبە كەچ قاھىرەدە، ئىلىم ـ مەرىپەت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇرەھمان(ئەسلىدە نىل دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىقىغا جايلاشقان ''ئۇسيۇت'' دېگەن شەھەردىن بولۇپ كېيىن ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن قاھىرەگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان)مۇ ئېسىل نەسەبلىك، پاك ـ دىيانەتلىك، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. ئابدۇرەھمان بولسا ئۆزىنىڭ ئىلمىي قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان، يۇكسەك ئىلمى قابىلىيەت ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولغان ناھايىتى زور، كاتتا ئۆلىمالاردىن بولۇپ، ئۇ ئوغلى سۇيۇتى بەش ياش يەتتە ئايلىق چېغىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىمام سۇيۇتى يېتىم قېلىپ كۆيۈمچان ئاتىسى ۋە تەربىيەچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. گەرچە ئۇ كىچىك يېتىم قالغان ھەم تەربىيەچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، ھېپزى قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئىلىمگە بولغان تەشنالىقى ۋە ئاتىسىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن كامال ئىبنى ھۇمامغا ئوخشاش ياخشى كەسپداشلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا، ''شەيخۇنىيە'' مەدرىسەسىدە قۇرئان يادلاشقا كىرىشىپ، سەككىز ياشقا قەدەم قويماي تۇرۇپلا قۇرئاننى تولۇق يادلاپ بولغان. بۇنىڭدىن سىرت ئۇ يەنە ''مىنھاجۇل فىقھە''، ''ئەلفىيەتۇ ئىبنى مالىك'' دېگەندەك بىر قىسىم كىتابلارنىمۇ يادلىغان. شۇنىڭ بىلەن

ئىسلام ئالىملىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيەسى ئېشىپ ئەقلى قابىلىيىتى نامايان بولۇشقا باشلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ دەۋىردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھەيرانلىقى قوزغالغان. ئابدۇرەھماننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نۇرغۇن ئۆلىمالار ئىمام سۇيۇتىنىڭ يوشۇرۇن تالانتىنىڭ بارلىقىنى بايقاپ، كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولالايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى ياخشى تەربىيەلەشكە ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان.

## ئىمام سۇيۇتىنىڭ شەيخ ـ ئۇستازلىرى

ئىمام سۇيۇتى تۈرلۈك دىنىي ئىلىملەر ۋۇجۇدقا چىققان، تىل بىلىملىرى مولىلاشقان، ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا چۈشكەن داڭلىق ئۆلىمالار كۆپەيگەن بىر زاماندا ياشاپ، كامال ئىبنى ھۇمامغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر ئۆلىمالاردىن ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىجابىي تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. ئۇ 15 ياش چېغىدا ئىلىم ئۆگىنىشكە رەسمىي كىرىشكەن بولۇپ، دەسلەپتە فىقھە، گىراماتىكا قاتارلىق ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئىككى يىل ئۆتمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئەرەب تىلىدىن دەرس بېرىشكە ئىجازەت بېرىلگەن. ئۇ 17 ياشقا كىرگەندە ”شەرھۇل ئىستىئازە ۋەلبەسمەلە“ ناملىق تۇنجى ئەسىرىنى يېزىپ ئۇستازى ئەلەمۇددىن بۇلقىنىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. ئىمام سۇيۇتىنىڭ ئۇستازلىرىدىن ئىلىم ئۆگىنىشتىكى يولى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇ بىر شەيخنى تاللاپ ئۇستاز تۇتسا، تاكى ئۇ شەيخ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق تايانچ ئۇستازلىرىدىن تەقىييۇددىن شىبلى بولۇپ، ئىمام سۇيۇتى ئۇنىڭدىن تۆت يىل ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇھيىددىن كافىجىنى 14 يىل ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن تەپسىر، فىقھە پىرىنسىپلىرى، ئەرەب تىلى، ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسى قاتارلىق كۆپىنچە ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ تايانچ ئۇستازلىرىدىن يەنە شەرەفۇددىن مەنئۇى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇرئان، فىقھە ئۆگەنگەن. ئىمام سۇيۇتى گەرچە فىقھە جەھەتتە شافىئىي مەزھەپ ئېقىمىدا بولسىمۇ ئەفسىرائى، مىرزەبائىغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ھەنەفىي مەزھەپ ئېقىمىدىكى ئۆلىمالارنىمۇ ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن ئاز بولمىغان ئىلىملەرنى تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭ شەيخ ـ ئۇستازلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شاگىرتى داۋۇدىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، ئۇنىڭ مۇقىم ئۇستازلىرىنىڭ سانى 51گە يەتكەن. ئىمام سۇيۇتى ئىلىم ئۆگىنىشتە ئەر زاتىدىن بولغان ئۆلىمالارنى ئۇستاز تۇتۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئايال زاتىدىن بولغان نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالارنىمۇ ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىنمۇ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇلار: ئاسىيە بىنتى جارۇللا، كامالىيە بىنتى مۇھەممەد، ئۇممۇ ھانى بىنتى ئەبۇل ھەسەن، ئۇممۇ فەزل بىنتى مۇھەممەد قاتارلىقلاردۇر.

## ئىمام سۇيۇتىنىڭ ئىلىم سەپەرلىرى

باشقا ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئىلىم سەپەرلىرىنى قىلغان بولسا، ئىمام سۇيۇتى كاتتا، مۇنەۋۋەر ئۆلىمالار بىلەن مۇلاقات ۋە ھەم سۆھبەتتە بولۇش ئۈچۈن ئىلىم سەپەرلىرىنى قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىلىم مەركەزلىرى ھېسابلىنىدىغان فەييۇم، دىميات، مەھەللە قاتارلىق مىسىرنىڭ ئىچىدىكى جايلارغىمۇ، شۇنداقلا شام، يەمەن، ھىندىستان، ماراكەش قاتارلىق مىسىرنىڭ سىرتىدىكى جايلارغىمۇ ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن بارغان. فىقھە ئىلمىدا سىراجۇددىن بۇلقىنىنىڭ، ھەدىس ئىلمىدا ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىنىڭ دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن ھىجاز رايونىغا(يەنى مەككەگە) سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردە بىر يىل ئىستىقامەتتە تۇرغان.

ئىمام سۇيۇتى ئىلىمدە كامالەتكە يېتىپ ۋە شەرت ـ شارائىتلارنى تولۇق ھازىرلاپ بولغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 871 ـ يىلى(يەنى مىلادىيە 1446 ـ يىلى) پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ”ئىبنى تۇلۇن“ جامەسىدە تۇرۇپ يۇرتىنىڭ پەتىۋا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنكى يىلىدا باشقىلارغا ھەدىس تەلىم بېرىپ، ھەدىسنى يازدۇرغان. ئىمام سۇيۇتى يەنە ئاتىسى ئىلگىرى مۇدەررىسلىك قىلغان ”شەيخۇنىيە“ مەدرىسەسىدە مۇدەررىس بولۇپ، دەسلەپتە فىقھەدىن، كېيىن ھەدىستىن دەرس بېرىپ ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئىمام سۇيۇتى مۇجتەھىد دەرىجىسىگە يەتكەن، بىلىمى مول ھەم چوڭقۇر بولغان مەشھۇر ئالىم بولۇپ، ئۇ ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ”مەن يەتتە ئىلىمدا چوڭقۇر رىزىقلاندۇرۇلدۇم، ئۇلار: تەپسىر، ھەدىس، فىقھە، گىراماتىكا، ئىلمۇل مەئانى(يەنى جۈملىلەرنىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدىكى ئىلىم)، ئىلمۇل بايان(يەنى بەدىئىي ۋاستە توغرىسىدىكى ئىلىم)، ئىلمۇل بەدىئ(يەنى جۈملىلەرنى سىلىقلاشتۇرۇش يوللىرى تونۇشتۇرۇلىدىغان ئىلىم) قاتارلىقلاردۇر“. ئۇ يەنە فىقھە پىرىنسىپلىرى، قىرائەت ئىلمى، تېبابەتچىلىك قاتارلىق

نۇرغۇن ئىلىملەرنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەن ھەمدە نۇرغۇن ئېسىل شېئىر، قەسىدىلەرنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىر، قەسىدىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ''فەۋائىدۇل ئىلمىييە'' دېگەن كىتابتا باردۇر. ئۇ رىزىقلاندۇرۇلغان تۈرلۈك ئىلىملەردىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ بەرگەن بۇ كاتتا نېمەتلىرى توغرۇلۇق سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''خۇداغا شۈكرى، مەندە ھازىر ئىجتىھادنىڭ ماتېرىياللىرى تولۇق بولدى''.

**ئىمام سۇيۇتىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى**

ئىمام سۇيۇتى ھىجرىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئىلمىي، ئەدەبىي ھەرىكەتلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ شۇ زاماندا تۈرلۈك ساھەلەردە ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىپ، تەپسىر، ھەدىس، فىقھە، فىقھە پرىنسىپلىرى، تارىخ، تەسەۋۋۇپ، تىل، ئەدەبىيات، گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا، تەبىقە قاتارلىق ئوخشىمىغان ساھەلەردە نەچچە يۈز پارچە ئۆچمەس، قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، 40 ياشقا كىرگىچە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالىشىغا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان قىزغىنلىقى، تىرىشچانلىقى، بىلىمى ۋە تەجرىبىسىنىڭ مولّلىقى، شەيخ ـ ئۇستازلىرىنىڭ كۆپلۈكى، نۇرغۇن جايلارغا ئىلىم سەپەرلىرىدە بولغانلىقى قاتارلىق ئىچكى ـ تاشقى ئامىللار تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئىمام سۇيۇتى 17 يېشىدىن باشلاپلا ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ئىزچىل 22 يىل داۋاملاشتۇرغان. تېز سۈرئەتتە ئەسەر يېزىش ئۇنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتىكى نامايەندە خاراكتېرلىك بىر ئالاھىدىلىكى بولغان. شاگىرتى داۋۇدى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''مەن شەيخنىڭ بىر كۈندە ئۈچ دەپتەر كېلىدىغان ئەسەرنى يېزىپ، تەھرىرلەپ بولغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم''. ئەگەر ئىمام سۇيۇتىنىڭ ئەسەر يېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن 22 يىللىق ئىلمىي ھاياتىنىڭ ھەربىر كۈننى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بەت سانى بويىچە ھېسابلىغاندا ئۇنىڭ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەربىر كۈنگە 40 بەت ئەسەر توغرا كېلىدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، يىغىنچاقلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى نىسبەتەن ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئىمام سۇيۇتىنىڭ يازغان كىتاب ۋە رىسالىلىرىنىڭ سانى 300 پارچىدىن ئاشىدۇ. ھاجى خەلىپە ئۆزىنىڭ ''كەشفۇززۇنۇن'' ناملىق ئەسىرىدە ئىمام سۇيۇتىنىڭ ئەسەرلىرىنى 576 پارچە ئەسەر دەپ قارايدۇ ۋە ئىبنى ئىياس ئۆزىنىڭ ''مىسر تارىخى'' ناملىق ئەسىرىدە بولسا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى 600 پارچىگە يەتكۈزىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئىمام سۇيۇتى ''كىتاب ئوغلانى'' دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولغاندۇر. دۇنيا تارىخىدا ئىمام سۇيۇتىدەك قىسقا مۇددەت ئىچىدە، تېز سۈرئەتتە كۆپ ئەسەر يازغان ئىككىنچى بىر شەخسنى تۇغىدىغان ئانىلار ھازىرغا قەدەر تۇغۇلمىغان بولسا كېرەك!؟ ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولۇش بىلەن بىرگە ''ئەلئىتقان فىئۇلۇمىل قۇرئان'' غا ئوخشاش بەزى ئەسەرلىرى چوڭ ھەجىملىك، مەنبە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر بولۇپ، ئىلىم ۋە كەسىپ ئەھلىلىرى تەرىپىدىن ياقتۇرۇپ قوبۇل قىلىنغان.

ئىمام سۇيۇتى كۆپ تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە ئىستىپداتلىق ئالىم بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى ئىلىملەردە پىشىپ يېتىلگەن، بولۇپمۇ تەپسىر، ھەدىس، فىقھە ۋە تارىخ ئىلمىگە ئالاھىدە ماھىر بولۇپ كاتتا ئۆلىمالاردىن سانىلىدۇ. ئىمام سۇيۇتى تەپسىر ئىلمىدە ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئالدىنقى قاتاردىكى مۇپەسسىر ئۆلىمالاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرئان بىلىملىرى، تەپسىر ۋە تەپسىرگە ئائىت ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن ''ئەلئىتقان فىئۇلۇمىل قۇرئان''، ''مۇتەشابىھىل قۇرئان''، ''ئەلئىكلىل فىئىستىنباتىت تەنزىل''، ''ئەددۇررۇل مەنسۇر فىتتەفسىرى بىلمەئسۇر'' قاتارلىقلار بار.

ھەدىس ۋە ھەدىس ئىلمىغا كەلسەك، ئىمام سۇيۇتى ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەدىس ۋە ھەدىس ئىلمىنى كۆپ بىلگۈچىسى ھېسابلانغان، شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ 200 مىڭ ھەدىسنى يادقا بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ھەدىسلەرنى تاپالىغان بولسا ئۇنىمۇ يادلىۋالالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئىمام سۇيۇتى ھەدىس توپلاشقا ۋە ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈشكە بەك قىزىقىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھەدىس ساھەسىدە ھەجىمى چوڭ ـ كىچىك بولغان نەچچە ئون پارچە كىتابنى تۈزگەن. ئۇنىڭ ھەدىس توغرىسىدىكى ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: ''ئىسئافۇل مۇبەتتە فىرىجالىل مۇۋەتتە''، ''تەنۋىرۇل ھەۋالىك فىشەرھى مۇۋەتتە ئىمام مالىك''، ''جەمئۇل جەۋامىئ''، ''ئەددۇررۇل مۇنتەشىرە فىلئەھادىسىل مۇشتەھىرە'' قاتارلىقلار بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمما، فىقھە ئىلمىغا كەلسەك، ئىمام سۇيۇتى پىشقان فەقىھ بولۇپ ئۇنىڭ فىقھە توغرىسىدىكى ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: ''ئەلئەشباھ ۋەننەزائىر''، ''ئەلھاۋى ۋەلفەتاۋى''، ''ئەلجامىئ فىلفەرائىد'' قاتارلىقلار بار.

ئىمام سۇيۇتى زامانىسىدىكى داڭلىق تىلشۇناس بولۇپ ئۇنىڭ تىل، تىل بىلىملىرى ۋە ئىستىلىستىكا توغرۇلۇق 100 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ۋە رىسالىسى بار. ئۇلارنىڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرىدىن: ئەلمۇزھىر فىللۇغە''، ئەلئىقتىراھ فىننەھۋى''، ''ئۇقۇدۇلجۇمان فىئىلمىل مەئانى ۋەلبەيان'' قاتارلىقلار بار.

ئىمام سۇيۇتىنىڭ تارىخ ئىلمى توغرىسىدىكى بىلىمىمۇ ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇ داڭلىق تارىخشۇناسلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تارىخ ۋە تەبىقە توغرىسىدا 55 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ۋە رىسالىسى بار بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرىدىن: ''ھۇسنۇل مۇھادەرە فىئەخبارى مىسر ۋەلقاھىرە''، ''تارىخۇل خۇلەفا''، ''ئەششەمارىخ ئەلا ئىلمىتتارىخ'' قاتارلىقلار بار.

**ئىمام سۇيۇتىنىڭ ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلىرى**

ئىمام سۇيۇتىنىڭ شەيخ ـ ئۇستازلىرى كۆپ بولغىنىدەك ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى: ''تەبەقاتۇل مۇفەسسىرىن'' دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى شەمسۇددىن داۋۇدى، داڭلىق گرامماتىكشۇناس شەمسۇددىن ئىبنى تۇلۇن، مىسىر دىيارىنىڭ مۇھەددىسى ۋە چوڭ تارىخشۇناسى شەمسۇددىن شامى، ''بەدائىئۇززۇھۇر'' ناملىق كىتابنىڭ ساھىبى ئىبنى ئىياس قاتارلىقلاردۇر.

ئىمام سۇيۇتى ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئەسەر يېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن 22 يىللىق شانلىق ھايات مۇساپىسىنى تاماملاپ 40 ياشقا كىرگەندە ئىبادەتكە يۈزلىنىپ دۇنيا ئىشلىرىنى، شۇنداقلا پەتىۋا بېرىش، تەلىم ـ تەربىيە، يېزىقچىلىق ئىشلىرىنىمۇ تەرك ئەتكەن ۋە ''تەنفىس'' ناملىق كىتابىدا بۇنداق قىلغانلىق ئۆزرىسىنى بايان قىلغان. ئىمام سۇيۇتى ئاخىرقى ئۆمرىنى نىل دەرياسى بويىدىكى ''رەۋدەتۇل مىقياس'' دېگەن جايدا ئىبادەت ۋە ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانغا قەدەر ئۇ يەردىن ئايرىلمىغان. ئىمام سۇيۇتى ھىجرىيە 911 ـ يىلى(يەنى مىلادىيە 1505 ـ يىلى) جەمادىل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 19 ـ كۈنى جۈمە كېچىسى سەھەردە، قاھىرەدە ''رەۋدەتۇل مىقياس''دىكى تۇرالغۇسىدا 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

دېمەك، ئىمام سۇيۇتى ھىجرىيە 9 ـ ئەسىردە ئىلىم بۇلىقى ۋە مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان مىسىر ئاسمىنىدا چاقناپ، ئىسلام دۇنياسىنى نۇرلاندۇرغان يورۇق يۇلتۇزلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ھاياتىنى ئىلمي ئىجادىيەتكە تولغان مول ھوسۇللۇق، شانلىق ھايات دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ چەكلىك ھاياتىدا، بولۇپمۇ ئەسەر يېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن قىسقىغىنا 22 يىلدا ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى ۋە ئىسلامغا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن نۇرغۇن ئېسىل، بىباھا، دۇردانە ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنغان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

---

(بېشى 51 ـ بەتتە) بەلگىلىك ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسىگە ئىگە مەسچىت بولۇپ قۇرۇلدى.

2003 ـ يىلى گۇچۇڭ ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ كۈچ چىقىرىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشى بىلەن، مەسچىت ئۆگزىسى ئېچىلىپ، يەڭگىل، سۇ ۋە قۇياش نۇرىغا چىدامىلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن قايتا يېپىلدى. مەسچىت ئىچى ۋە سىرتى قايتا سىرلىنىپ، يېڭى، كۆركەم ھالەتكە كەلتۈرۈلدى.

2006 ـ يىلى مەسچىتنىڭ ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسىنى تېخىمۇ ياخشى ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، گۇچۇڭ ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى قايتا ھەرىكەتكە كېلىپ، قولىدىن كېلىشىچە، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچ چىقىرىپ، مەسچىتنىڭ جەنۇبىي(ئەسلىدىكى تۇرپان مەسچىتىنىڭ ئورنى)غا مەرىكە زالى سېلىپ، مەسچىت ئىقتىسادىي كىرىمنى بەلگىلىك دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن گۇچۇڭ چوڭ مەسچىتى بەلگىلىك ئىقتىسادىي مەنبەئىگە ئىگە، ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان زامانىۋى ھالەتتىكى مەسچىتكە ئايلاندى.

(ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيەسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)



# گۇچۇڭ خانئىدىق چوڭ مەسچىتى

جارۇللا يۇسۇپ

گۇچۇڭ چوڭ مەسچىتى 1919 — 1921 ـ يىللار ئارىلىقىدا سېلىنغان بولۇپ، مەسچىتنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن ئۈچ يىل ۋاقىت كەتكەن. مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھوشۇر ئاخۇن باي شەخسەن ئىقتىساد چىقارغان بولۇپ، مەسچىتنىڭ پۈتۈپ چىقىشىغا ئۆزى بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلغان. بۇ مەسچىتنىڭ كۆلەم دائىرىسى چوڭ، بېزىلىشى كۆركەم بولۇپ، ئۇيغۇر مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن دېيىشكە بولىدۇ. گۇچۇڭ چوڭ مەسچىتى كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن يالغۇز گۇچۇڭ ناھىيەسىدىلا ئەمەس، ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى دەپ قارالماقتا.

ھوشۇر ئاخۇن باي ئەسلى ئاتۇشلۇق بولۇپ، 1885 ـ يىللىرى گۇچۇڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ھوشۇر ئاخۇن باي 1916 ـ يىللىرى ئەتراپىدا سودا ـ تىجارەت ئىشى بىلەن چۆچەك ۋىلايىتىگە بارىدۇ ۋە چۆچەك شەھىرىدە بىر نەچچە ئاي تۇرۇپ قالىدۇ. چۆچەك شەھىرى ئىچىدىكى ھەيۋەتلىك، كۆركەم ئۇسلۇبتىكى چوڭ مەسچىت ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. ھوشۇر ئاخۇن گۇچۇڭ ناھىيەسىدىمۇ ئەنە شۇنداق بىر مەسچىت سالدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ، مەسچىت مۆتىۋەرلىرىدىن مەسچىتنىڭ كۆلىمى، قانچىلىك ئىقتىساد كېتىدىغانلىقى، مەسچىت قۇرۇلۇشىغا كىملەرنىڭ قاتنىشىدىغانلىقى، ئاساسلىق ئۇستىلارنىڭ كىملىكىنى تەپسىلىي بىلىۋالىدۇ ۋە مەسچىتنىڭ تۇزۇلۇش خەرىتىسىنى سىزدۇرۇۋالىدۇ.

1917 ـ يىلى ئەتىيازدا، ھوشۇر ئاخۇن باي گۇچۇڭدىكى باي، سودىگەر ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ مەسچىت سالدۇرۇش ئويىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئويىنى ھەممە بىردەك قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. نەق سورۇننىڭ ئۆزىدە، چوڭ ھاجى مەسچىت سېلىشقا ئۆز يېرىنى ۋەخپە قىلىپ بېرىدۇ.

ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەسچىتنىڭ ئون دانە ئاساسىي تۈۋرۈكىنىڭ ھەر بىرى بەش سەر ئالتۇن بىلەن گۇچۇڭ ناھىيەسىگە يېتىپ كەلگەن ئىكەن. 1920 ـ يىلى ئەتىيازدا، قەشقەردىكى ئۆمەر ئاخۇن ئۇستا ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەچكە، ھوشۇر ئاخۇن باي گۇچۇڭدىكى ئۇستا ياغاچچى ۋە نەققاش زىياۋۇدۇن ئۇستىنى چاقىرتىپ، مەسچىت قۇرۇلۇشىنى باشلىماقچى بولىدۇ. زىياۋۇدۇن ئۇستا ھوشۇر ئاخۇن بايدىكى مەسچىت خەرىتىسىنى كۆرۈپ، بۇ مەسچىتنى پۈتكۈزۈپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ھوشۇر ئاخۇن باي قۇرۇلۇشنى باشلاشنى ئېيتقاندىن

مەسچىت ـ مەدرىسلەر

كېيىن، زىياۋۇدۇن ئۇستا شاگىرتى رەجەپ(مۇجاك) ئاخۇن بىلەن قۇرۇلۇش ئىشىغا كىرىشىدۇ. ياغاچ قۇرۇلما پۈتۈشكە قەشقەردىن ئۆمەر ئاخۇن ئۇستىمۇ يېتىپ كېلىدۇ.

مەسچىتنىڭ تامچىلىق ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن زىياۋۇدۇن ئۇستا، رەجەپ مۇجاك ۋە ئۆمەر ئۇستىدىن باشقا، گۇچۇڭنىڭ يەرلىك تامچى ئۇستىلىرىمۇ قاتنىشىدۇ. شۇ چاغدا مەسچىت قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان ئومۇمىي ئەمگەك كۈچى ئوتتۇز كىشىگە بارىدۇ. مەسچىت تاملىرىغا مەنگەن بىلەن پىشۇرۇلغان كۆك خىش ئىشلىتىلىپ، هاك بىلەن قوپۇرۇلۇپ چىقىلىدۇ. مەسچىت ئىچى سېغىز توپا، قوي يۇڭى ۋە ئۇۋاق سامان ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلگەن لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. ئىشچىلار ئۈچۈن هوشۇر ئاخۇن باي ئۆز هويلىسىدا مەخسۇس ئاشخانا تەسىس قىلىپ، ئاشپەز تەكلىپ قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ كۈندىلىك تامىقىنى بېرىدۇ. ئىش هەققىنىمۇ ۋاقتىدا، تولۇق بېرىپ تۇرىدۇ.

مەسچىتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى پۈتكەندىن كېيىن، ئۆمەر ئاخۇن ئۇستا باشچىلىقىدا، مەسچىتنىڭ قۇببە- مۇنارلىرى ياسىلىپ نەقش، ئويمىچىلىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسچىتنىڭ ئۇستى ۋاسا-جۈپلۈك قىلىنىپ، تاختاي بىلەن يېپىلىدۇ. مەسچىتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى نەققاشچىلىق، ئويمىچىلىق ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان رايونى شەمەي شەهرىدىن مەخسۇس بۇيرۇتۇلۇپ ئېلىپ كېلىنگەن ئىشىك، دېرىزە، تۈتقۇچ، گىرە، چىراغ قاتارلىق ئەسلىهەلەر ئورنىتىلىدۇ. بۇ چاغقا كەلگەندە مەسچىتنىڭ پەقەت سىرچىلىق، بوياقچىلىق ئىشلىرىلا قالىدۇ. ئارقىدىن هوشۇر ئاخۇن باي شەنشىلىك سىرچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇلارنى ياللىۋېلىپ، مەسچىتنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى سىرلىتىپ چىقىدۇ.

مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن تارتىپ تاكى ئاخىرلاشقۇچە، هوشۇر ئاخۇن باي ئۆزى ئومۇمىي ئىشلارغا باش بولۇپ، بارلىق چىقىملارغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. شۇ چاغدا مەسچىت قۇرۇلۇشىدا بوغالتىر بولغان ساۋۇتجان ئىسىملىك كىشىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدا، مەسچىت قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 38 مىڭ سەر ئاق كۈمۈش تەڭگە كەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ كۈمۈشنى شۇ چاغنىڭ شارائىتى بىلەن ئالتۇنغا سۇندۇرغاندا، 1800 سەر ئالتۇن بولىدىكەن. مەسچىت 1921-يىلى كۈز ئايلىرىدا پۈتكەن بولۇپ، جامائەت جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدىن باشلاپ، يېڭى مەسچىتتە ناماز ئوقۇشنى باشلاشقا كېلىشكەن. مەسچىتتە ناماز ئوقۇشنىڭ ئالدىنقى كۈنى پەيشەنبە كەچتە، هوشۇر ئاخۇن باي كۆكرىكىگە سانجىق تۇرۇپ قېلىپ، تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان. ئەتىسى جۈمە كۈنى، مەسچىتتە ناماز ئوقۇش باشلانغان ۋە جۈمە نامىزىدىن كېيىن، مەرهۇم هوشۇر ئاخۇن باينىڭ مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، دۈمۈڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

گۇچۇڭ چوڭ مەسچىتى پۈتۈپ، كەڭ جامائەتچىلىككە ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ۋاقىتتا قۇرۇلۇشقا ياردەمدە بولۇشنى تەلەپ قىلغان ۋە هوشۇر ئاخۇن باي بىلەن بىرلىشىپ مەسچىت سالماقچى بولغان كىشىلەر مەسچىت ئىچىگە كېرەكلىك جايىنامازلارنى هەل قىلىش ئۈچۈن پۇل توپلاشقان. ئىسمايىل هاجىنىڭ باش بولۇشى بىلەن خېلى زور مەبلەغ جۇغلانغاندىن كېيىن، مەخسۇس كىشىنى خوتەنگە ئەۋەتىپ، گىلەم توقۇتۇپ كېلىپ، مەسچىتكە گىلەمدىن جايىناماز سېلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆركەم، هەيۋەتلىك بولغان «گۇچۇڭ چوڭ مەسچىتى» مەيدانغا كەلگەن.

گۇچۇڭ چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2600 كىۋادرات مېتىر بولۇپ، مەسچىت قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 720 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ مەسچىت ئەتراپلىق لايىهەلەنگەن شۇنداقلا، بارلىق ئەسلىهەلىرى تولۇق بولغاچقا، ئىلغار مەسچىت هېسابلىنىدۇ. مەسچىت پەرزخانا ۋە سۈننەتخانا دەپ ئىچكىرى ۋە تاشقىرى ئىككى خانىگە بۆلۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىككى خانە بىر گەۋدە بولۇپ، ئوتتۇرىنى تام ۋە چوڭ ئىشىك ئايرىپ تۇرىدۇ. مەسچىت ئالدى ۋە يان تەرىپى پېشايۋانلىق بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردىمۇ ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. پەرزخانىنىڭ كۆلىمى 205 كىۋادرات مېتىر بولۇپ، ئاستى ۋە ئۇستى تاختايلىق قىلىپ ياسالغان. پەرزخانىگە تۆت دانە دىيامېتىرى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان تۈۋرۈك قويۇلغان بولۇپ، بۇ تۈۋرۈكلەر يالتىراق سىر بىلەن سىرلانغان. سۈننەتخانىغىمۇ ئىككى دانە دىيامېتىرى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىككى تۈۋرۈك قويۇلغان بولۇپ، بۇ تۈۋرۈكلەرمۇ نەقىشلىنىپ سىرلانغان. سۈننەتخانىنىڭ كۆلىمى 128 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. پەرزخانا ۋە سۈننەتخانىلەرگە شۇنداقلا، مەسچىتنىڭ ئالدى پېشايۋانلىرىغا رەتدار، سۈپەتلىك گىلەملەر جايىناماز قىلىپ سېلىنغان. مەسچىت ئىچى ۋە پېشايۋانلىرىغا ئىنچىكىلىك

بىلەن، ئويما ۋە قاپارتما نەقىشلەر ئىشلەنگەن بولۇپ، ھەقىقىي ئۇيغۇر مىمارچىلىقىنىڭ ئۇسلۇبى ئەكس ئەتكەن. ئويما ۋە قاپارتما نەقىشلەر تۈرلۈك مېۋە-چېچەك ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوبرازى بولۇپ، رەڭلەر تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان. مەسچىت پەرزخانىسى غەربىي تېمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئېگىزلىكى 2 مېتىر، كەڭلىكى 1.6 مېتىر كېلىدىغان ئويما مېھراب ياسالغان. مەسچىتنىڭ ئوڭ بۇلۇڭ تېمىغا ئېگىزلىكى 3 مېتىر، كەڭلىكى 1.8 مېتىر كېلىدىغان ياغاچ مۇنبەر ياسالغان. بۇ ئەسلىھەلەر ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ياسالغان بولۇپ، مىمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئەتكەن. مەسچىت سىرتى شەرق، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرى پېشايۋانلىرىنىڭ ئۈستى ئوخشاشلا تاختاي بىلەن يېپىلغان. پولىمۇ مەزمۇت تاختايلار قويۇلغان. مەسچىتنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىي پېشايۋانلىق ئورۇنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. ھەر بىر تەرەپكە يەتتە دانىدىن، جەمئىي 14 دانە دىيامېتىرى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان مەزمۇت تۈۋرۈكلەر قويۇلغان. بۇ تۈۋرۈكلەرمۇ ئويما ۋە قاپارتما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. ئالدى پېشايۋاننىڭ كۆلىمى 90 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئالدى پېشايۋان، جەنۇب ۋە شىمالىي پېشايۋانلىرىغا ئوخشاشلا دىيامېتىرى 30 سانتىمېتىرلىق تۈۋرۈكتىن سەككىزى قويۇلغان. ئالدى پېشايۋان ئوتتۇرىسىغا بولسا قاتار قىلىنىپ، دىيامېتىرى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئويما ۋە قاپارتما نەقىش قىلىنغان تۆت دانە تۈۋرۈك قويۇلغان. پۈتۈن مەسچىت ئىچى ۋە سىرتىنى ھېسابلىغاندا چوڭ-كىچىك بولۇپ، جەمئىي 32 دانە تۈۋرۈك ئىشلىتىلگەن.

مەسچىت ئىچكى خانىلىرىدە بىرلا قېتىمدا 1200—1300 غىچە بولغان نامازخان ناماز ئوقۇيالايدۇ. پېشايۋانلارنى قوشقاندا 1800—2000 غىچە نامازخان بىرلا قېتىمدا ناماز ئوقۇيالايدۇ.

مەسچىت دەرۋازىسى ئۈستىگە ئەزانخانا ياسالغان بولۇپ، قۇببە مۇنارلىق قىلىپ، كۆركەم تۈستە سىرلانغان. مەسچىت ھويلىسى ئىچىدە، ئۈچ ئېغىزلىق سېمونت-خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىنغان بولۇپ، مەسچىت ئىسكىلاتى ۋە مەسچىت ئىشخانىسى قىلىنغان. جەنۇب تەرەپتە مەسچىتنىڭ تاھارەت ئېلىش خانىسى بار بولۇپ، زامانىۋى قۇرۇلمىلىق قىلىپ ياسالغان.

گۈجۈڭ چوڭ مەسچىتى سېلىنغىنىغا ھازىر 95 يىل بولدى. بۇ جەريانىدا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچ چىقىرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، بۇزۇلغان جايلىرى رېمونت قىلىنىپ كەلدى.

1979-يىلدىن كېيىن پارتىيەنىڭ دىنىي ئىشلارغا قاراتقان ئەۋزەل شارائىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، مەسچىت ئومۇمىي كەيپىياتى ۋە مۇھىتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1980-يىلى مەسچىتنى ئىبراھىم دامولا ھاجىنىڭ باشچىلىقىدا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى بىلەن، چوڭ دائىرىدە رېمونت قىلىش ۋە يېڭىلاش ئېلىپ بېرىلدى. مەسچىت نامازخانلىرىنىڭ سانى يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ باردى. بۇ مەسچىتكە پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن، كەڭ ئاممىنىڭ تەلىپىنى چىقىش قىلغان ھالدا، گۈجۈڭدىكى نوپۇزلۇق دىنىي زاتلار ئىمام ۋە خاتىپلىققا قويۇلدى.

گۈجۈڭ چوڭ مەسچىتىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، مەسچىت قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە مىرزا باقى دامولا، ھاپىز قازى، شاھمەردان قارىھاجى، سالىھ ئاخۇن دامولا ھاجى، ئىسمايىل قارى، ئابدۇلھەق دامولا(نوغاي دامولام)، ئابدۇخالىق قازى، ئەممەت ھاجى، ياقۇپ قارىھاجى، نىياز قارى، غۇلامجان قارى، ئىمىن ئاخۇن دامولام، رەجەپ قارى، ھەسەن قازى، ئابدۇللا خەلپەت، مۇھەممەد قارى، ئىبراھىم دامولا ھاجى، مەخسۇت قارى، ئەبەيدۇللا قارىھاجى، ئابدۇسالام قارىھاجى، شاھمەردان قارى مۆمىن، مەسئۇت قارى ئىسمائىل قاتارلىق كىشىلەر ئىمامەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

2000-يىلدىن كېيىن، مەسچىتنى رېمونت قىلىش ۋە يېڭىلاش خىزمىتى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇلۇپ، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەسچىتنى كېڭەيتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئەڭ ئالدى بىلەن، مەسچىتنى مەش ئارقىلىق ئىسسىتىشتىن، پار قازان ئارقىلىق ئىسسىتىدىغان ھالەت بارلىققا كەلتۈرۈلدى. كونا ئەزانخانا بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئىلگىرىكىدىن ئېگىزلىتىلىپ ۋە كۆركەملەشتۈرۈلۈپ قايتا ياسىتىلدى. مەسچىت ھويلىسى ئىچى سېمونتلاشتۇرۇلۇپ، مەلۇم كۆلەم دائىرىسىدە، يېشىللاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. مەسچىتنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا، ئىككى قەۋەتلىك قىلىنىپ دۇكان، ئاممىۋىي مۇنچا سېلىنىپ، مەسچىتنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ئۈچۈن بەلگىلىك ئاساس يارىتىلدى. مەسچىت ھويلىسى ئىچىگە ئازادە قىلىنىپ سېمونت، خىش، فار-فۇر قۇرۇلمىلىق تاھارەت ئېلىش ئۆيى ياسىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەسچىت ئەسلىھەلىرى تولۇق، (داۋامى 48-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# بەزى ياشلار سەل قاراۋاتقان بىر ئىللەت توغرىسىدا

ئابدۇلتىپ مامۇت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى بىر قىسىم ياشلار بىزدىن ئانانىزم(ئىستىمنا ياكى مەخپىي ئادەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن شۇغۇللانسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ سوئاللارنى سوراشتى. شۇڭا قولۇمدا بار ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ياشلىرىمىزغا بۇ ھەقتە ئازراق بولسىمۇ چۈشەنچە بېرىشنى لايىق تاپتىم.

ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىشتا پەرىشتە تەبىئەتلىكمۇ ئەمەس، ھايۋانىي تەبىئەتلىكمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە بىر ئىنسانىي تەبىئەت ۋە مايىللىق بىلەن ياراتقان بولۇپ، جىنسىي ھېس-تۇيغۇ ئىنساندا يارىتىلىشىدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان نورمال تەبىئەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: **"ئاياللار، ئوغۇللار، يىغىپ توپلانغان ئالتۇن-كۈمۈشلەر، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەر ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان شەيئىلەردۇر"** {سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، **14**-ئايەت}.

ئىسلام دىنى ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان، ئەر-خوتۇنلۇق نىكاھ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق قوغدايدۇ، شۇنداقلا ئائىلە تۈزۈمىنى جەمئىيەتنىڭ تۈپ ئاساسى قىلىپ، بۇنىڭغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەرنى چەكلەيدۇ.

ئانانىزم ئەر ياكى ئايالنىڭ ئويغاق چاغدا جىنسىي ئەزاسىنى غىدىقلاش ياكى باشقا خىل ئۇسۇل ئارقىلىق مەنىي چىقىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئانانىزمغا جىنسىي ئىستەك، مۇھىتتىكى يالىڭاچلىق، سېرىق فىلىملەر، سۈرەتلەر ۋە ھالال يول ئارقىلىق جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنىڭ قىيىنلىشىپ كېتىشى سەۋەب بولىدۇ، ئۇندىن باشقا ئۇزۇن مۇددەت بويتاق ياكى تول قالماي ياشاش، ئائىلىدىن يىراق تۇرۇش، مۇھىتنىڭ يامان تەسىرى ۋە بېسىمى سەۋەب بولىدۇ. ئانانىزمنىڭ نۇرغۇن زىيانلىق تەرەپلىرى بار بولۇپ، جىنسىي

ئوقۇرمەنلەر ساداسى

ئاجىزلىق، بۆرەك ئاجىزلاپ كېتىش، جىمغۇرلۇق، كىشىلەرگە ئارىلاشماسلىق دېگەندەك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ، بەزى قىزلارنىڭ ئانانىزم ئارقىلىق قىزلىقىنى يوقۇتۇپ قويغانلىق ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بەرگەن. بىر دوختۇر مۇنداق دەيدۇ: ئىستىمنادىكى ئېغىر مەسىلە شۇكى، ئۇنىڭ جىسمانىي ئاقىۋەتلىرىنى دورىلار بىلەن داۋالاش ئاسان بولغىنى بىلەن، ئۇزۇن ۋە ئوتتۇرا مۇددەتلىك پسىخىكىلىق تەسىرىنى يوقىتىش تەس.

شەكسىزكى، بۇ قىلىق ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئىتىنى بۇزۇپ قويىدۇ، چۈنكى بۇ قىلىق ئارقىلىق ئىنساندىكى جىنسىي ئىستەك تولۇق قانمايدۇ، بەلكى شەھۋەت ئوتى تېخىمۇ ئۇلغىيىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ ئىستەكنى قاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر نورمال ۋە تەبىئىي يولى ئەر - خوتۇنلۇق نىكاھ مۇناسىۋىتى ئاستىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتتۇر. بۇنداق مۇناسىۋەت شەخس، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ سالامەتلىكى ۋە خاتىرجەملىكىگە پايدىلىق.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يەتتى، ئۇ مۇئمىنلەر نامىزىدا ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر؛ ئۇلار بىھۇدە سۆز-ھەرىكەتتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر؛ ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر؛ ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر؛ ئۇلار پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلسا مالامەت قىلىنمايدۇ؛ كىمكى باشقىلاردىن بۇنى(يەنى جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇشنى) ئىزدەيدىكەن، ئەنە شۇلار چەكتىن ئاشقۇچىلاردۇر**“{سۈرە«مۇئمىنۇن»(23 - سۈرە)، 1—7 - ئايەتلەر}، ”**ئۆيلىنەلمەيدىغانلار ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن**“{سۈرە«نۇر»(24 - سۈرە)، 33 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى}.

ئەلقەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد بىلەن بىللە مېڭىپ كېتىۋاتقىنىمدا ئۇ مۇنداق سۆزلەپ بەردى: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: ”**ئۆيلىنىشكە قادىر بولالىغان ئادەم ئۆيلەنسۇن، چۈنكى ئۆيلىنىش ئۇنىڭ كۆزىنى ۋە ئەۋرىتىنى ھارامدىن بەكرەك ساقلايدۇ، ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغان ئادەم روزا تۇتسۇن. روزا تۇتۇش ئۇنىڭ شەھۋىتىنى كېسىدۇ**“( بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ئايەت - ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئىسلام ئالىملىرى ئانانىزمنى ئومۇمەن يامان كۆرگەن دېيىشكە بولىدۇ. زور كۆپچىلىك ئالىملار: ”بۇ ئايەت - ھەدىسلەر شەھۋىتى بار بولۇپ توي قىلىشقا قادىر بولغانلارنى توي قىلىشقا بۇيرۇغان، توي قىلالمىغانلارنى بولسا ئىپپىتىنى ساقلاپ سەۋر قىلىشقا بۇيرۇغان، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم شەھۋىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن روزا تۇتۇش چارىسىنى كۆرسىتىپ، توي قىلالمىغان ياشلارنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇغان. ئانانىزم ئارقىلىق جىنسىي شەھۋىتىنى قاندۇرغانلار ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ’ھەددىدىن ئاشقۇچىلار‘ قاتارىغا كىرىدۇ“ دەپ قارىغان. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: ”زىنا ۋە لىۋات قاتارلىقلار بۇ ئايەتتىكى ’ھەددىدىن ئېشىش‘ قا كىرىدۇ، ئىستىمنا بۇنىڭغا كىرمەيدۇ“ دەپ قارىغان. تۆۋەندە ھەر خىل قاراش ئىگىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تايانغان دەلىللىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى:

ئىمام شافىئىي رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى يۇقىرىقى ئايەتلەرگە ئاساسەن مۇنداق دېگەن: ”ئايەتتە: ’ئەۋرەتلىرىنى پەقەتلا خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلار‘ دېگەندىن خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىنى ھارام قىلىۋېتىش ئېنىق مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ سىرتىدىن(جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. دېمەك، ئەر كىشى ئەۋرىتىنى پەقەتلا ئايالى ياكى چۆرىسىگە ئىشلىتىشى كېرەك، ئانانىزم ھالال بولمايدۇ“. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: ”مۇباھ قىلىنغىنى ئايالى ياكى چۆرىسىدىن ئىبارەت ئىككى يولدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىستىمنا(ئانانىزم) قىلىشنىڭ ھارام بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن“ (ئەلئۇم 5 - توم).

ئەبۇ لەيس مۇنداق دېگەن: ”ئەگەر قولى بىلەن لەززەتلەنمەكچى بولغان ئادەم ئايالى ياكى چۆرىسى يوق بويتاق ياكى ئايالى ۋە چۆرىسى بار، لېكىن بىرەر سەۋەب بىلەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارالمايدىغان ئادەم بولسا، دىلىنى بىئارام قىلىپ تۇرىدىغان شەھۋىتىنى توختىتىش ئۈچۈن قولى بىلەن لەززەتلەنسە، ئۇنىڭ گۇناھكار بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەگەر شەھۋىتىنى قوزغاش ئۈچۈن قىلسا گۇناھكار بولىدۇ“( ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تاھمازنىڭ «يېگى

ئۇسلۇبىتكى ھەنەفىي فىقھەسى» ناملىق كىتابى).

ئىمام ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: ”ئىمام ئەھمەد شۇ دەرىجىدىكى تەقۋادارلىقى بىلەن بۇنى جائىز دەپ قارايدۇ، ئۇ: بۇ خۇددى قان ئالدۇرغانغا ئوخشاش بەدەندىكى ئارتۇق ماددىنى چىقىرىۋېتىشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. كۆپچىلىك ئالىملار ئۇنى ھارام دەپ قارايدۇ، مۇشۇ قاراش توغرىدۇر“(ئەھكامۇل قۇرئان 3 ـ توم). ئىمام ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دەيدۇ: ”شەھۋەت قوزغاش ئۈچۈن ئالىقان بىلەن ئىستىمنا قىلىش ھارام، ئەمما كىشىنىڭ شەھۋىتى غالىب كېلىپ ئايالى ياكى دېدىكى بولمىسا، شەھۋىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىستىمنا قىلغان بولسا ئۇنىڭغا گۇناھ بولماسلىق ئۈمىد قىلىنىدۇ، زىنا قىلىپ سالىدىغان بولسا ئۇنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ“(راددۇل مۇھتار 4 ـ توم).

شەيخ يۇسۇف ئەلقەرزاۋى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ”شەھۋەت كۈچىيىپ كېتىپ، زىنا قىلىپ سېلىش خەۋپى بولغان ئەھۋاللاردا ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشى بويىچە ئىش قىلساقمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ غۇربەتچىلىكتە ئىشلەيدىغان ياكى ئوقۇيدىغان، گۇناھ قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان نەرسىلەرگە كۆپ دۈچ كېلىدىغان، بۇ سەۋەبتىن ھارام ئىش قىلىپ سېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان بىر يىگىت چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن ھالدا، شەھۋىتىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن بۇ چارىنى قوللانسا بۇنىڭدا ھېچ گەپ يوق. بۇنىڭدىن ياخشىراق چارە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توي قىلىشقا كۈچى يەتمىگەن مۇسۇلمان ياشلارغا بەرگەن كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىشتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆپرەك روزا تۇتۇشقا بۇيرۇغان، چۈنكى روزا تۇتۇش ئىرادىنى مۇستەھكەملەيدۇ، سەۋرچانلىقنى ئۆگىتىدۇ، تەقۋادارلىقنى ۋە ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەن تۇيغۇنى كۈچلەندۇرىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ياشلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ’ئى ياشلار! **سىلەردىن ئۆيلىنىشكە قادىر بولغانلار دەرھال ئۆيلەنسۇن، چۈنكى ئۇ كۆزنى (ھارام نەرسىلەرگە) قاراشتىن، ئەۋرەتنى زىنادىن ساقلايدۇ، كىمكى ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىسا روزا تۇتسۇن، روزا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ھىمايەتتۇر**‘ “(شەيخ يۇسۇف ئەلقەرزاۋىنىڭ «ئىسلامدىكى ھالال ۋە ھارام» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

ئىستىمنا ئارقىلىق مەنىي چىققان بولسا يۇيۇنۇش ۋاجىب بولىدۇ. بەزى ئالىملار مەنىي ئېتىلىپ شەھۋەت ۋە لەززەت بىلەن چىقسا يۇيۇنۇش ۋاجىب دەپ قارىغان، بەزىلەر ئېتىلىپ چىقسۇن ـ چىقمىسۇن لەززەتلىنىش بىلەن چىقسىلا يۇيۇنۇش ۋاجىب بولىدۇ دەپ قارىغان(ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تاھمازنىڭ «يېڭى ئۇسلۇبىتكى ھەنەفىي فىقھەسى» ناملىق كىتابى).

يۇقىرىقى دەلىللەرگە ئاساسەن مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ:

ئانانىزم ئۆزىنى چەكلىيەلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان بولمىغۇر قىلىقتۇر. ئىسلام دىنىمىز تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان ئەخلاق ۋە ئالىيجانابلىق بۇ ئىشنى يات ۋە يامان كۆرىدۇ. ھەممەتلىك كىشى بۇنداق قىلىقلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشقا تىرىشىدۇ، ئاقىل كىشى بۇنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي زىيانلىرىنى تارتىشنى خالىمايدۇ. بۇ قىلىقنى قىلىپ سالغان كىشىگە مەلۇم كاپارەت ياكى تۆلەم كەلمەيدۇ، بەلكى تەۋبە قىلىپ ئىستىغپار ئېيتسا بولىدۇ، ياكى سەدىقە بەرسە گۇناھىنىڭ يۇيۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. تۆۋەندە ئالىملارنىڭ ئىستىمنانى تاشلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۈنۈملۈك چارىلىرىنى ۋە مەسلىھەتلىرىنى بۇ ئىشقا مۇپتىلا بولغان ياشلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنىمىز:

**1 ـ چارە: توي قىلىش.**

توي قىلىشقا ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي جەھەتتىن قۇربى يەتمەيدىغانلار بولسا، توي قىلىشقا شارائىت ۋە مۇھىت ھازىرلاشقا تىرىشىشى كېرەك، پۇل ياكى ئۆي بولمىسا پۇل تېپىشقا تىرىشىشى كېرەك. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەممۇ توي قىلىشقا بەكرەك ئېھتىياجى بار ياشلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ”**ئى ياشلار جامائەسى! ئۆيلىنىشكە قادىر بولالىغانلار ئۆيلەنسۇن، ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتسۇن. چۈنكى روزا ئۇنىڭ شەھۋىتىنى كېسىدۇ**“(«سەھىھۇلبۇخارى»، 5065 ـ ھەدىس).

**2 ـ چارە: توي قىلىشقا قادىر بولالمىغاندا ئىپپەتلىك بولۇشقا تىرىشىش.**

يات ئايال بىلەن خالىي يەردە ئولتۇرۇش، سېرىق پاراڭلىشىش، ھاياسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىش، سېرىق فىلىم، سېرىق ناخشا، سېرىق سۈرەت، سېرىق يازمىلاردىن يىراق تۇرۇش، يامان كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماسلىق قاتارلىقلار ئۆزىنى پاك تۇتۇشقا پايدىلىق.

بۇنىڭدا روزا تۇتۇش ئۇنۇملۇك چارە، روزا تۇتقان كىشى باشقا بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىشى، ھەقىقىي ئۆلچەملىك روزا تۇتۇشى كېرەك، بولمىسا دوختۇرنىڭ دورىسىنى يەپ تۇرۇپ، پەرھىز تۇتۇلغان نەرسىلەرنىمۇ يېگەندەك بولىدۇ ـ دە، چارە ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ئۆلچەملىك روزا دېگەن يەپ ـ ئىچىشتىنلا ئۆزىنى تۇتۇش دېگەن بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ھارام ئىشلاردىن، نەپسى يامانلىقتىن ئۆزىنى تۇتۇش دېگەنلىك بولىدۇ.

**3 ـ چارە: ئاللاھنى ياد ئېتىش.**

شەكسىزكى، ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئىنساندىكى ئاللاھقا باغلىنىشنى كۈچەيتىدۇ، مۇسۇلمان كىشى ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرۇشى كېرەك، شۇنداقلا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنى ۋە ساھابىلىرىنى، ئۇلارنىڭ بىزگە ھەق دىننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى، ئىسلام ئالىملىرىنى، ھىممەتلىك زاتلارنى ئەسلەپ ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشقا تىرىشىش كېرەك.

**4 ـ چارە: ئەقلىي ۋە جىسمانىي پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇش.**

ئېنېرگىيەنى سەرپ قىلىش ۋە ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. مەسىلەن، كىتاب ئوقۇش، خەتتاتلىق، شېئىرىيەت، ھەر تۈرلۈك پەننىي بىلىملەر، كومپيۇتېر، تۈرلۈك تىللارنى ئۆگىنىش، پۇتبول چېلىشىش ياكى بىرەر ماھارەت ئۆگىنىپ قويۇش... بۇنداق پائالىيەتلەر كىشىنى خوش قىلىدۇ، نەتىجىدە جىنسىيەتنى ھاياتتىكى بىردىنبىر مەسىلە دەپ قاراشتىن، شەھۋەتتىن باشقىسىغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**5 ـ چارە: يامان دوستلاردىن قېچىپ، ياخشى دوستلار بىلەن ئارىلىشىش.**

بەزى قىز ـ ئوغۇللار ھەتتا يېشى خېلىلا چوڭ بولۇپ ئۆزىنى توختاتقان كىشىلەرنىڭ پاراڭىدا جىنس بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، بۇلار دۇنيادا بۇنىڭدىن باشقا ئىش يوقتەك شۇ ھەقتىلا پاراڭلىشىدۇ، سېرىق مەزمۇن پاراڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. ئىستىمنادىن(شۇنداقلا زىنا ۋە باشقا بىنورماللىقتىن) ساقلىناي دېگەن كىشى بۇنداق پاراڭ سالىدىغان دوستلاردىن نېرى تۇرۇپ، ئىلىم ـ پەن ۋە باشقا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھىممەتلىك دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن ئارىلىشىشى زۆرۈر.

**6 ـ چارە: كۈندىلىك ۋە ھەپتىلىك جەدۋەل تۈزۈش.**

ياشلار ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن غايىسىگە يېتىش، سەۋىيە ـ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن كۈندىلىك ياكى ھەپتىلىك پىلان تۈزۈپ بۇنى ۋاقتىدا ئىجرا قىلىشقا تىرىشسا ئىستىمنادىن قۇتۇلۇشقا پايدىسى بولىدۇ.

ئاخىرىدا بۇ قىلىققا مۇپتىلا بولغان ياكى بولمىغان ياشلارغا شۇنى تەكىتلەيمىزكى، كۈچلۈك بولسۇن، ئاجىز بولسۇن ھەربىر مۇئمىندە ياخشىلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاجىز مۇئمىنگە قارىغاندا كۈچلۈك مۇئمىننى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزىڭىزگە پايدىلىق نەرسىلەرگە ھېرىسمەن بولۇڭ، زىيانلىق نەرسىلەرنى تاشلاڭ، بۇ ئىللەتتىن قۇتۇلالمايمەن دېمەي، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەڭ، ئۆزىڭىزنى ساغلام ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىڭ. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى خەيرلىك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلسۇن. ئامىن!

(ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە قىزىلسۇ يېزا شالئېرىق كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

## دىنىي زاتلار ئارىسىدا ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

كېرىيە ناھىيەسىنىڭ تۇغرىغاز يېزىسىدا 2016 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دىنىي زاتلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، تۇغرىغاز يېزىسى ۋە شۇۋول يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مەسچىت دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنى تەشكىللەپ، ''باھار مەنزىرىسى لوڭقىسى'' ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىدە ساھىبخان تۇغرىغاز يېزىسىدىكى كوماندا ئەزالىرى بىلەن شۇۋول يېزىسىدىن كەلگەن كوماندا ئەزالىرى چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. كوماندا ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى مەيدان كەسكىن مۇسابىقىلىشىپ، تۇغرىغاز يېزىسى 25گە قارشى، 33 نەتىجە بىلەن شۇۋول يېزىسىنى يەڭدى(مەتقاسىم جامال خەۋىرى)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# دىنىي ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە ئىناقلىقىنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندۇرايلى!

## ——ماراكەش «ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئاز سانلىقلارنىڭ دىنىي ھوقۇقى» خەلقئارا يىغىنى خاتىرىسى

ئادىل ھاجى كېرىم، ئابدۇلھېكىم ما جيې

يىراق ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ماراكەش ئۇزاق تارىخقا، ئۆزىگە خاس تەبىئىي شارائىت ۋە ئۆرپ-ئادەتكە ئىگە بولۇپ، بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ماراكەش تىلغا ئېلىنسىلا سىز ئۇنى ئافرىقىدىكى قۇملۇق دۆلىتى دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ماراكەشنىڭ ھاۋاسى يىل بويى يېقىشلىق، گۈل-چېچەكلەرگە پۈركەنگەن بولۇپ، ”ئاتەش قۇياش ئاستىدىكى سالقىن دۆلەت“ دېگەن گۈزەل نامغا نائىل بولغان، ئۇنىڭ يەنە ”شىمالى ئافرىقا گۆللۈكى“ دېگەن نامى بار. 2016-يىلى باھار پەسلى كېلىش ئالدىدا ”ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئاز سانلىقلارنىڭ دىنىي ھوقۇقى“ خەلقئارا يىغىنى ماراكەشتە ئېچىلىپ، بىزنى ھەرقايسى دۆلەتتىكى ئالىملار بىلەن كەڭ-كۇشادە پىكىرلىشىش، ئورتاق سادا ياڭرىتىش ھەمدە ماراكەشنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

**1.يىغىننىڭ ئاساسلىق تېمىسى: ئەسەبىيلىكنى ئەيىبلەش، تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىش**

2016-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە، ماراكەش ئىسلام ئىشلىرى ۋە دىن ۋەقفە-فوند مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ئەھمەد تەۋپىق جانابلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ماراكەشنىڭ ماراكەش شەھىرىدە ئېچىلغان ”ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئاز سانلىقلارنىڭ دىنىي ھوقۇقى: ئىسلام شەرىئىتى رامكىسىدىكى ئاكتىپ تەشەببۇس“ خەلقئارا يىغىنىغا قاتناشتۇق.

يىغىن كاسابلانكا شەھىرىگە تەخمىنەن 300 كىلومېتىر كېلىدىغان ماراكەش شەھىرىدە ئېچىلدى. قىزغىن، مېھماندوست ۋە ئەنئەنە سۆيەر يەرلىك كىشىلەر، سۈزۈك ئاسمان ۋە ئىللىق ھاۋا، كۆز يەتكۈسىز قىزىل رەڭلىك زېمىن، ئېگىز-پەس ئەمما رەتلىك قىزىل تاملىق، ئاق ئۆگزىلىك ئۆيلەر، بۈك-باراقسان ئالقانسىمان كاكتۇس، ياپيېشىل چاتقاللىق ماراكەشنىڭ بىزگە تۇنجى بەرگەن تەسىرى بولدى.

1-ئاينىڭ 25-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا يىغىن دەل ۋاقتىدا ئېچىلدى. بۇ قېتىملىق يىغىننى ”ماراكەش ئىسلام ئىشلىرى ۋە دىن ۋەقفە-فوند مىنىستىرلىقى“ بىلەن ”مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇنبىرى“(باش شتابى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى ئەبۇ زەبىدە) ھەمكارلىشىپ ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ماراكەش پادىشاھى مۇھەممەد VI ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئەمىرى خەلىپە بىن زايىد ئەلنەھىيان ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى بان كىمون يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا ماراكەش پادىشاھى مۇھەممەد VI بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى بان كىمون يىغىنغا تەبرىكنامە ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەبرىكنامىنى ئوقۇدى. 120 دۆلەتتىن كەلگەن سىياسىي ئەربابلار، خەلقئارالىق ۋە رايونلۇق ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، دىنىي داھىيلار ۋە ئالىملاردىن بولۇپ 300دىن ئارتۇق ئادەم تەكلىپكە بىنائەن بۇ قېتىملىق يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى.

نۆۋەتتىكى ئىسلام دۇنياسىدىكى بىر قىسىم رايونلار ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىمسىز بولۇشى بەزى ئەسەبىي كۈچلەر ۋە تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ جانلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار ھەدەپ ئاتالمىش ”مۇقەددەس ئۇرۇش“نى تەرغىب قىلىپ ۋە داۋراڭ سېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئېتىقادى ۋە پىرىنسىپلىرىنى بۇرمىلاپ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ھەقىقىتىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلدى، رايون ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. ئۇلار دىنىي دەستەك قىلىپ ئاز سانلىقلارنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلدى، بىگۇناھ كىشىلەرنى ئەزدى ۋە ئۆلتۈردى. بۇنداق جىددىي پەيتتە، بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ تەشەببۇس قىلغۇچىسى ”مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە

تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇنبىرى''نىڭ رەئىسى، مۇنبەر ئىلمىي ھەيئىتىنىڭ رەئىسى شەيخ ئابدۇللا ئىبنى بەي يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىسلام دىنىدىكى ''جىھاد'' ئۇقۇمى بىلەن خەلقئارادا بىردەك قوللىنىۋاتقان تەشەببۇس ئوخشاش، بىراق ئەسەبىي تەشكىلاتلار ''جىھاد'' ئۇقۇمىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، ئاددىي پۇقرالارغا قارشى زوراۋان تېررورلۇق قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمنى ''جىھاد قىلغۇچى'' دەپ ئاتىۋاتىدۇ. ''جىھاد'' ئەسلىدە ھۆكۈمەت ئېلىپ بارىدىغان بىر تۈرلۈك دۆلەتنى قوغداش تەدبىرى بولۇپ، ئۇ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش نىشانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇقۇم ئادەمنى مۇھىم نۇقتا قىلغان بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۆلچىمى ۋە قائىدە-يوسۇن تەلپىگە ئىگە. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ''جىھاد'' مەسىلىسىنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇنداق دەپ قارىدى: نۆۋەتتىكى ''ئىسلام دۆلىتى'' رادىكال تەشكىلاتى ''جىھاد'' ئۇقۇمىنى بۇرمىلاپ ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن دەلىل-ئىسپات ئىزدەۋاتىدۇ، ئۇلار ''جىھاد'' قىلىش خەلىپە دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشتىن ئىبارەت دەپ جار سېلىۋاتىدۇ، ئۇلار قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن بەزى مەزمۇنلارنى ئۈزۈپ ئېلىپلا ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاقلاشقا باھانە ئىزدەۋاتىدۇ. شەيخ ئابدۇللا ئىبنى بەي دىن ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە ئىناقلىقىنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ دەپ قارىدى، ئۇ مۇنۇلارنى ئىپادىلىدى: ئەگەر ئاشقۇنلۇق، بۇرمىلاپ چۈشىنىش ۋە زامان، ماكانىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە چۈشەنمەسلىك ئازغۇنلۇقنىڭ سەۋەبى بولغاندەك، زۇلۇممۇ ئوخشاشلا بۇ خىل ئازغۇنلۇقنىڭ مەنبەسىدۇر. ئۇ بارلىق دىن ۋە مەزھەپلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىپ تىنچلىقنى ئادالەتنىڭ مەنبەسىگە، ئادالەتنى تىنچلىقنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى.

شەيخ ئابدۇللا ئىبنى بەي يېپىلىش مۇراسىمدا مۇنداق دېدى: ''بۇ قېتىملىق خەلقئارا يىغىننىڭ ھاياتلىق، تىنچلىق، دوستلۇق ۋە ئىنسانىي ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش تەشەببۇسى بىزنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن ئېرىشكەن قىممەت قاراش ۋە غايە توغرىسىدىكى ئىلھامىمىزدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ ئىلھامى ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ خىل ئەخلاقى مۇكەممەللىك شوئار بولۇپ قالماستىن، ئىنسان قەيەردە بولسۇن، قايسى ئۇسلۇب بىلەن بولسۇن باشقىلارغا نىسبەتەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەقىقىي ھەرىكەتتۇر''.

**2-خىتابنامە ئېلان قىلىش: ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئاز سانلىقلارنىڭ دىنىي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش**

1-ئاينىڭ 28-كۈنى يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمى كۈنى ''ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئاز سانلىقلارنىڭ دىنىي ھوقۇقى توغرىسىدىكى ماراكەش خىتابنامىسى'' ئېلان قىلىندى.

خىتابنامە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كىشىلەر قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلسۇن، ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەردۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى يارىتىپ ئۇلارغا ئۆز يولىنى تاللاش ھوقۇقىنى بەرگەن. ئىنسانلار ئېتىقاد جەھەتتە پەرقلەنسىمۇ ئىنسانىيلىق جەھەتتە مەنبەسى بىردۇر، ئىنسانلار ھەممىسى قېرىنداشتۇر. خىتابنامە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاللاھ بىزنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىدى، ئىسلام شەرىئىتى خەلقئارا ئەھدىنامىلەردىكى ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى قوغداش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ مەقسەتلىرىگە تۈپتىن مۇخالىپتۇر. ئەسەبىي كۈچلەر ئىسلام دىنىنى دەستەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا باھانە ئىزدەپ، ئىسلام دىنىنى قارىلىدى، ئۇلار بىگۇناھ مۇسۇلمان ئەمەس ئاز سانلىق ئېتىقادچى ئاممىنى قورقۇتۇپ ۋە ئۆلتۈرۈپ، تاشقى دۇنيانىڭ مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىشى، بىر تەرەپلىمە قارىشى ۋە يىرگىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

شۇ سەۋەبتىن، خىتابنامە ئىسلام ئالىملىرىنى بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە ئەمىنلىكىنى قوغداشقا، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا، ئىسلام دىنىدىكى ''پۇقرا'' ئاتالغۇسىنىڭ بارلىق ئاز سانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. خىتابنامە ئىلمى ئورگانلارنى دىنىي ئوقۇتۇش

www.uyghurkitap.com



ماتېرىياللىرىنى يېتىشتىن تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە، سىياسىي قاتلامدىكىلەرنى زوّرۇر بولغان سىياسىي ۋە قانۇنى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئورتاق بولغان پۇقرالىق ئەھدىنامىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىق، ئىناق ۋە ئىتتىپاقلىق پرىنسىپىنى چىڭىتىشقا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنى ئاز سانلىق ئېتىقادچى ئاما بىلەن ئۆزئارا ئەپۇچان بولۇش، تىنچ ۋە خاتىرجەم بىرگە ياشاش سەھنىسى ھازىرلاپ، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە، ئالاقە بوشلۇقىنى تېخىمۇ چوڭايتىشقا چاقىردى. ھەر قايسى مەزھەپلەرنى ئىناق بىرگە مەۋجۇت بولۇشتىن ئىبارەت ئىستەكنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، توقۇنۇشنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە، دىنىي داھىيلارنى ھەرخىل شەكىلدىكى دىنىي كەمسىتىشكە، ھاقارەتلەشكە ۋە دىنىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى دەپسەندە قىلىشقا، شۇنداقلا بارلىق شەكىلدىكى ئاداۋەتلىشىش، بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە مەزھەپچىلىككە قۇترىتقۇلۇق قىلىدىغان ۋەز-تەبلىغلەرگە ئورتاق قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى.

خىتابنامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە تۈزۈلگەن مەدىنە ئەھدىنامىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىپ، بۇ ئەھدىنامىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىنى پرىنسىپ قىلىش، ھەر قايسى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، مېھرىبانلىق، ئادالەت، پاراسەت ۋە ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىش، كۆپ قۇتۇپلۇق جەمئىيەت پۇقراسى ھوقۇقىنى پرىنسىپ قىلىشنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ ئاساسلار ۋە پرىنسىپلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسانىي ھوقۇق خىتابنامىسى بىلەن ئاساسى جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە.

بۇ قېتىمقى يىغىن تۇنجى قېتىم ماراكەش ئىسلام ئىشلىرى ۋە دىن ۋەقفە-فوند مىنىستىرلىقى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇنبىرى بىلەن بىرلىكتە ماراكەش شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق يىغىن. يىغىن تېمىسى ”ئىسلام ئەللىرىدىكى ئاز سانلىقلارنىڭ دىنىي ھوقۇقى: ئىسلام شەرىئىتى رامكىسىدىكى ئاكتىپ تەشەببۇس“ دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ دىنىي-ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قاتتىق قوغداپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەم شۇنداقلا ئىسلام ئالىملىرى ۋە سىياسىي ساھەدىكى زور بۆسۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يىغىن ۋەكىللىرى ئىسلام ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ھوقۇق مەنپەئەتى ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قانداق قوغداش توغرىسىدا ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ھازىر دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ۋە رايونلار بولۇپمۇ ئەرەب ئەللىرىدە يۈز بېرىۋاتقان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇپ چىققىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزدى. يىغىننىڭ ئېچىلىشى ئەرەب ئەللىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپلا قالماستىن بەلكى باشقا مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئەللىرىدىمۇ زور ئىنكاسلارنى پەيدا قىلدى. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى ئوباما 1-ئاينىڭ 27-كۈنى ئىسرائىلىيەنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ”يەھۇدىيلارنىڭ قىرغىن قىلىنغانلىق خاتىرە كۈنىنى ئەسلەش“ پائالىيىتىگە قاتناشقىنىدا بۇ قېتىمقى يىغىننى مەخسۇس تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانىيەت تارىخىدا ئالبانىيە ۋە ئەرەب ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار ناتسىسلارنىڭ قولىدىن يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزۇپ قالغان. نۆۋەتتە ماراكەش ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن، مۇسۇلمانلار ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ دىنىي رەھبەرلىرى ئاز سانلىق ئېتىقادچى ئامىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدىكى خەلقئارالىق يىغىن ئۆيۈشتۇردى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا يەنە يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىيان دىنى ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتى.

**3.كەڭ ئالاقە: ئاكتىپ پىكىر قىلىش، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش**

يىغىن مەزگىلىدە بىز ئۇزۇندىن بىرى جەمئىيىتىمىز بىلەن ئىزچىل ياخشى مۇناسىۋەت باغلاپ كەلگەن ھەرقايسى ئەللەردىكى داڭلىق ئىسلام ئالىملىرىدىن بولغان مىسىرنىڭ دىنىي مىنىستىرى مۇھەممەد جۇمە بىلەن مۇفتىسى دوكتور شەۋقى ئەللام، بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى مۇفتىسى دوكتور مۇستافا سارۇق، ئاسىيا دىن تىنچلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى دوكتور دىن شەمسىددىن قاتارلىقلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق. ئۇلار بىزنىڭ ياخشى دوستلىرىمىزدىن بولۇپ، كۆپىنچىسى

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەنلەر، يەنە بىر قىسمى بولسا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەنلەر ئىدى. بىز يەنە كونا دوستلار بىلەن كۆرۈشۈشتىن سىرت نۇرغۇن يېڭى دوستلار بىلەنمۇ تونۇشتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە مۇشۇ يىغىننى تەشەببۇس قىلغۇچى ۋە "مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇنبىرى"نىڭ رىياسەتچىسى، ئىلىم مۇنبىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى شەيخ ئابدۇللا بىن بەيمۇ بار. ئۇ گەرچە يېشى سەكسەنگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ خەلقئارا دىنلار ئارا دىيالوگنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي روھىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش، رايونلارنىڭ تىنچلىقى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقاندى. ئۇ مورتانىيەلىك بولۇپ، ئىلگىرى مورتانىيەنىڭ دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، كېيىن دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئەرەب ئەللىرى، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە لېكسىيە سۆزلەش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئىزچىل تۈردە ئىسلام ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، تارقىتىش ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ دىنلار ئارا بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلىشتا زور كۈچ چىقارغانلىقى ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇكسەك ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە ماراكەشنىڭ دىنىي ئىشلار مىنىستىرى ئەھمەد تەۋفىقنىڭ يېقىن دوستى. بۇ قېتىمقى يىغىن "مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇنبىرى"نىڭ ماراكەش دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى بىلەن تۇنجى قېتىم ماراكەشتە بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان يىغىنىدۇر. ماراكەش دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەكلىپىگە بىنائەن ماراكەشنىڭ پادىشاھى قاتنىشىدىغان رامىزانلىق نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىگە مەخسۇس ۋەكىل ئەۋەتىدۇ. بۇ پائالىيەت ئۆزۈندىن بېرى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىدىكى دائىملىق پائالىيەتكە ئايلاندى. مانا شۇنىڭدەك ئۇزۇن مۇددەتلىك دوستانە مۇناسىۋەتتىن بولسا كېرەك ماراكەش دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى جەمئىيىتىمىزدىن بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشقا ئادەم ئەۋەتىشىمىزنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپتۇ. بىز بارغاندىن كېيىن ماراكەشنىڭ دىنىي ئىشلىرى ۋە دىنىي ۋەقفە فوندى مىنىستىرى ئەھمەد تەۋفىق بىلەن سۆھبەتتە بولدۇق. بىز ئۇلارغا جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمەتلىرى ۋە جۇڭگودا ئېچىلغان ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ھاللىقنى تەشەببۇس قىلىش مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۇلارنى جۇڭگوغا زىيارەتكە تەكلىپ قىلىش ئۈمىدىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلار بىلەن بولغان دوستلۇق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرھاللىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىناق-ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئېسىل روھىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق.

ئۇنىڭدىن سىرت، دۇنيا ئىسلام تىنچلىق كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىز جۇڭگو دىن تىنچلىق كومىتېتىغا ۋاكالىتەن دۇنيا ئىسلام تىنچلىق كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ۋېن دىلى، ئاسىيا دىن تىنچلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى دىن شەمسىددىن، ياپونىيە دىن تىنچلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى تىيەن شەنيلوڭ ۋە ھەرقايسى ئەللەر ۋەكىللىرى چۈشلۈك زىياپەت يىغىنىغا قاتناشتۇق ھەم بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن دىن تىنچلىق كومىتېتى ۋەكىللىرى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، دىنلار دىيالوگى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇق. كۆپچىلىك بىردەك ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىختىلاپنى يوقۇتۇپ تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى دەپ قارىدى.

جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرىم ئايرىم-ئايرىم ھالدا دۇبەي مېدىيا گۇرۇھى بىلەن «ئەتىدىكى ماراكەش» ناملىق گېزىت مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. زىيارەتتە يىغىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەم بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ھازىرقى

خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە رايونلارنىڭ تىنچلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئاكتىپ تەسىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

يېقىنقا قاتنىشىش ئارقىلىق بىز شۇنى چۈشىنىپ يەتتۇقكى، "مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇنبىرى" بولسا 2014 ـ يىلى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى ئابۇ زەبىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ مۇنبەرنىڭ ئاساسىي مەقسىتى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە ھەرخىل سىياسىي غەرەزگە يېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك قالايمىقانچىلىقلارغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ مۇنبەر مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئوخشىمىغان دىنلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە دىيالوگ ئېلىپ بېرىشىنى تەكىتلەيدۇ ھەم ھەرقايسى دىنلارنىڭ دىنىي رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ھەرقايسى دىنلارنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئامىللارنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇ قاراشلار خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشى ۋە يۇكسەك ئالقىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆزۈندىن بېرى تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرھاللىق ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلىش ئارزۇسى بىلەن بىردەكتۇر.

ئىسلام ئەللىرىدىكى داڭلىق ئىسلام ئالىملىرى بىلەن ئۇچرىشىش بىر تەرەپتىن خەلقئارا جەمئىيەتكە دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا پايدىلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېقىنقا كەلگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك ئالىملارنىڭ ئىلغار ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشۇپ، پىكىر ئالماشتۇرۇش بىلەن بىرگە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىگە قارىتا بەزى بىر خاتا چۈشەنچىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇۋاتقان شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىگە زور ئىلھام بېرىدۇ دەپ قارايمىز. بىز مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خەلقئارا يېغىنلارغا تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىپ، خەلقئارا سەھنىلەردە ئۆزىمىزنىڭ ئاۋازىنى ياڭرىتىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياخشى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنى خەلقئاراغا بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارادىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن دائىم خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. جۇڭگو بىلەن دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بولغان دۆلەت ۋە رايونلاردىكى داڭلىق دىنىي ئالىملار بىلەن سۆھبەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى دىنلار ئارا ئۆزئارا يول قويۇش، ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۆگىنىشتەك ياخشى كەيپىياتنى يارىتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىنىڭ سىرت بىلەن بولغان دوستانە بېرىش ـ كېلىشىنى دۆلەتنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتكە پايدىلىق بولغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**قوشۇمچە:**

**«ماراكەش خىتابنامىسى»**

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

نۆۋەتتە ئىسلام دۇنياسىدىكى بىر قىسىم رايونلار زوراۋانلىق ۋە قورال كۈچى بىلەن تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىپ، ئۆز قارىشى ۋە تاللىشىنى باشقىلارغا تاڭغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىيەت كۈندىن كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

بۇ ۋەزىيەت زوراۋانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، يا بولمىسا بىر قىسىم رايونلاردىكى ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزىنى ئاجىزلىتىپ، جىنايەت گۇرۇھىنى ئۆزى ئۈچۈن پەتىۋا پىچىشقا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئايەت، ھەدىسلەرنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى ۋە مەقسەتلىرىنى ئېغىر بۇرمىلاۋاتىدۇ، بۇ ئۇسۇل پۈتۈن ئىنسانىيەتكىمۇ ئېغىر زىيان سالدى.

بۇ يىل مەدىنە ئەھدىنامىسى ئېلان قىلىنغىنىغا 1400 يىل بولدى. مەدىنە ئەھدىنامىسى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنەدىكى ھەر خىل ئېتىقادتىكى خەلق بىلەن تۈزگەن كېلىشىم بولۇپ، مەيلى قايسى ئېتىقادتىكى خەلق بولسۇن ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش كاپالەتلەندۈرۈلگەن. شۇڭا بۇ كېلىشىم كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەدىنەگە

تىنچلىق ئىلىپ كەلگەن. مەدىنە ئەھدىنامىسى ئىسلام تارىخىدا تۇنجى بولۇپ خاتىرىلەنگەن قانۇن مەنبەسىدۇر. ئەھدىنامىدىكى كېلىشىم ماددىلىرى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىشلىق بولۇپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىگە ئائىت ماددىلاردا ئىنسانىي ھۆرمەت ۋە پۇقرالىق ئىگىلىكى، كىشىلەر ئارىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە ئادالەت، ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە پىكىر ئەركىنلىكى، شەھەرلەرنىڭ دەخلىسىزلىكى (چېقىلغىلى بولمايدىغانلىقى)، جان ۋە مالنىڭ دەخلىسىزلىكى، جىنايەتنى چەكلەش قاتارلىق ئىدىيەلەر تۇرغۇزۇلغان.

120 دۆلەتتىن كەلگەن يۈزلىگەن ئالىم ۋە زىيالىيلار، ئىسلام ئەللىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، ھەر خىل دىنىدىكى ئېتىقادچىلار ۋە مىللەتلەرنىڭ داھىيلىرى مۇشۇنداق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر كۈندە ماراكەشكە يىغىلىپ، مۇشۇنداق مۇھىم بىر يىغىنغا قاتنىشىپ، مەدىنە ئەھدىنامىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلارنى قايتىدىن بايان قىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن ماراكەش پادىشاھى مۇھەممەد VIنىڭ غەمخورلۇقىدا ئېچىلغان بولۇپ، ماراكەش ئىسلام ئىشلىرى ۋە دىنىي ۋەقفە-فوند مىنىستىرلىقى بىلەن باش شتابى ئەبۇزەبىدە تەسىس قىلىنغان "مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇنبىرى" بىرلىشىپ ئۆتكۈزدى.

قىزغىن مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق، يىغىن ئەھلى تۆۋەندىكى خىتابنامىدە بىرلىككە كەلدى:

1. ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتكە ئىلىپ كەلگەن نېگىزلىك قىممەت قاراش ۋە ئومۇمىي پىرىنسىپنى تەكىتلەش:

1) ئىنسانلار قايسى ئىرق، قايسى مىللەت، قايسى تىل، قايسى ئېتىقادتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئاللاھ تائالا ياراتقان ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن بارلىققا كەلگەندۇر: **"شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ئەزىز قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن كۆپ ئۈستۈن قىلدۇق"** {سۈرە «ئىسرا» (17-سۈرە)، 70-ئايەت}.

2) ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنى ناھايىتى ھۆرمەتلىك قىلغاندۇر، ئۇلارغا ئەركىنلىك ۋە ھوقۇق بەرگەندۇر: **"ئاندىن كېيىن سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلدۈردۇق"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 56-ئايەت}؛ **"ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتقان بولاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلىيالامسەن؟"** {سۈرە «يۇنۇس» (10-سۈرە)، 99-ئايەت}.

3) ئىنسانلار رايون، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە ئىدىيە جەھەتتە ئوخشىمىسىمۇ، ئادىمىيلىك جەھەتتىن ئوخشاشتۇر، ھەممىسى قېرىنداشتۇر: **"ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئەر، بىر ئاياللىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر"** {سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 13-ئايەت}.

4) ئاللاھ تائالا جىمى نەرسىنى ھەق ياراتتى، نەپرەت ۋە دۈشمەنلىكنى چەكلەش ئۈچۈن ھەق-ئادالەتنى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئۆلچىمى قىلدى، ئاللاھ تائالا بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىشقا، ئۆزئارا مېھرىبان، مۇلايىم بولۇشقا بۇيرۇيدۇ: **"ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا، يېقىن تۇغقانلارغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، قەبىھ سۆز-ھەرىكەتلەردىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ"** {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 90-ئايەت}.

5) تىنچلىق ئىسلام دىنىنىڭ باش تېمىسى، ئىسلامنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تۇرغۇزغان قانۇنلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسىدۇر: **"(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر"** {سۈرە «ئەنفال» (8-سۈرە)، 61-ئايەت}.

6) ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئالەملەرگە رەھمەت ئۈچۈن ئەۋەتكەندۇر: **"(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق"** {سۈرە «ئەنبىيا» (21-سۈرە)، 107-ئايەت}.

7) ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى، دىنغا ئىشەنسۇن، ئىشەنمىسۇن كۆڭلىدە ئۇلارنى مۇھىم ئورۇنغا

قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ: **"سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشتىن توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ"** {سۈرە «مۇمتەھىنە» (60-سۈرە)، 8-ئايەت}.

8) ئىسلام قانۇنى كىشىلەر ئارىسىدىكى تىنچلىق ۋە ھەمكارلىققا، كېلىشىمگە، خەلقئارا ئەھدىنامىلەرگە رىئايە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ: **"ئى مۇئمىنلەر! ئاراڭلاردا بىر كىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن"** {سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 106-ئايەت}؛ **"سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەندە، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمڭلارنى (ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار. چۈنكى سىلەر ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ"** {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 91-ئايەت}.

2. مەدىنە ئەھدىنامىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلارغا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پائالىيەت ئەركىنلىكى، جان ۋە مۈلۈكنىڭ دەخلىسىزلىكى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، تاشقى دۈشمەنگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش، تىنچلىق، ئادىللىق، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش قاتارلىق بىر قانچە كېلىشىم ماددىلىرىغا رىئايە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش.

مۇسۇلمانلار ئاز سانلىق بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئاساسي قانۇنى ئۇچۇن ئەڭ مۇۋاپىق ئەندىزە بىلەن تەمىنلەش مەدىنە ئەھدىنامىسىنىڭ تۈپ نىشانىدۇر. ھالبۇكى مەدىنە نىزامنامىسى بىلەن ب د ت ئاساسي قانۇنى، كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ.

ھەر قېتىم بىز ئىنسانىنىڭ ھاياتى ۋە مۈلكىنى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچراتقان ۋەقەلەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا، دىنلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلىمىز. بۇ ھەمكارلىق چوقۇم "ئوخشاش بىر دۇنيا" ئاساسىغا قۇرۇلۇشى، ئۆزئارا كەڭ قورساق بولۇش ۋە بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەش دائىرىسىدىلا توختاپ قالماسلىقى، بەلكى مەجبۇرلاش، ئاداۋەت ۋە مەغرۇرلۇقنى يوقاتقان مەدەنىي ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، شۇندىلا دىنلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

يۇقىرىقى پرىنسىپلارغا ئاساسەن، بىز ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئالىم، زىيالىيلارنى ھەر خىل ئېتىقادقا كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان پۇقرالىق ئېڭىنى تۇرغۇزۇشقا چاقىرىق قىلىمىز. بۇ خىل ئاڭ توغرا تونۇش، ئەنئەنىۋى مىراسىمىز بىلەن دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى توغرا پەملەش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك.

دىن ۋە مائارىپ ئورگانلىرىنى ئۇرۇش، ئەسەبىيلىك، ئۆچمەنلىك، تەپرىقىچىلىككە (بۆلگۈنچىلىككە) يېتەكلەيدىغان، ئورتاق ياشاۋاتقان ماكانىمىزغا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان دەرسلىك ۋە ماتېرىياللارنى سادىقلىق، دادىللىق بىلەن قايتا تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتىپ چىقىشقا دەۋەت قىلىمىز.

سىياسىيونلار ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنى زۆرۈر سىياسي ۋە قانۇني تەدبىر قوللىنىپ، ئورتاق پۇقرالىق كېلىشىمى تۈزۈشكە، ئىسلام ئەللىرىدىكى ھەر خىل دىندىكىلەر بىر-بىرىنى چۈشىنىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش ۋە كۈچەيتىشكە چاقىرىق قىلىمىز.

مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى ئىسلام دىنى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان جەمئىيەتتە ئاز سانلىق ئېتىقادچى ئاممىغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش ئېقىمى شەكىللەندۈرۈشكە، پۇقرالىق ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىشقا، ياخشى ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەشۋىقات كەيپىياتى بەرپا قىلىشقا چاقىرىق قىلىمىز. ئاز سانلىق ئېتىقادچى ئاممىنى ئۆتمۈشتىكى كۆلپەت، جاراھەتلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى تىرىشىپ كۈچلەندۈرۈپ، ئۆز ماكانىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈپ، ئۆزئارا ئىشەنچ كۆۋرۈكى بەرپا قىلىشقا، زوراۋانلىق، ئۆچمەنلىك ۋە زۇلۇمدىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرىق قىلىمىز.

ئوخشىمىغان دىن، مەزھەپ، پىرقىلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى دىنىي ئاداۋەت، بۇزغۇنچىلىق ۋە دىنىي ھاقارەتلەرنى توسۇشقا، ئۆچ-ئاداۋەت، تەپرىقىچىلىكنى ئۇلغايتىدىغان تەبلىغلەرگە يول قويماسلىققا چاقىرىق قىلىمىز.

شۇنى قايتا تەكىتلەيمىزكى، دىندىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمان ئەللەردىكى ئاز سانلىق ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ھوقۇقىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى رەزىللىكتۇر.

ماراكەش دۆلىتى ماراكەش شەھىرى

2016-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈنى

(تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد، مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر، مۇھەممەدئەمىن مەخمۇت)

# جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

*جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ روھنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دەۋر يۈلىنىشىنى ياخشى ئىگىلەپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى، دۆلىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگولىشىش يۈلىنىشىدە چىڭ تۇرۇشى، سوتسىيالىستىك يادرو قىممەت قارىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلىشى، ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تىرىشىپ بىرلەشتۈرۈشى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ماسلاشتۇرۇشى لازىم. ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش، تىنچلىق ۋە ئەپۇچانلىق ئىدىيەسى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلىشى، ئەسەبىي ئىدىيەلەرنىڭ زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىدىكى جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە دەۋر تەرەققىياتىغا پايدىلىق مەزمۇنلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىنى تاۋلىشى، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاقلىقىنى تىرىشىپ قېزىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەننى سۆيۈشكە، خەلقنى سۆيۈشكە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا، دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن باشقۇرۇشنى قوبۇل قىلىشقا، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بويسۇنۇشقا يېتەكلەش لازىم. جۇڭگو ئىسلام مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، كەلگۈسىدە ئەڭ تېز سۈرئەتتە شىنجاڭ سىنىپى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەر ئىسلام دىنى ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش لازىم. ئىنستىتۇت بەلگىلىگەن ”ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانى“غا ئاساسەن ماگىستىر ئاسپىرانتى ۋە دوكتور ئاسپىرانتى تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان مەكتەپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى يۇقىرى قاتلاملىق ۋەتەنپەرۋەر ئىسلام دىنى خادىملىرىنى تەربىيەلەش بازىسىغا ئايلاندۇرۇش لازىم. ئىلگىرىكى كۆپ قاتلاملىق مەكتەپ باشقۇرۇش ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قېلىپلاشقان شەكىلدە دىنىي زاتلار تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، ئىنستىتۇتنى ئىسلام دىنى كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيەلەش بازىسىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

ئىلمىي كەيپىيات يارىتىپ، دىنىي تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى چوڭقۇر قېزىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەڭ يېڭى ئوتتۇرھال يول تۇتۇش، ئىناقلىق، ئەپۇچانلىق ئىدىيەلىرى ھەققىدىكى يېڭى كۆزقاراشلارنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھەمدە ئېنچمۇ ياخشى شەرھلەپ، ئىنستىتۇتنى تەپسىر ۋە شەرھشۇناسلىق ئىدىيەسىدىكى مۇھىم بازىغا ئايلاندۇرۇش، ئىسلام دىنى بىلەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشقا ئومۇميۈزلۈك يېتەكلەش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم“.

تەبرىكلەش يىغىنىدا، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلىپ، ئانا مەكتەپنى مەدھىيەلىدى، ئانا مەكتەپنى تەبرىكلىدى.

مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2 - ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما لىخۇەي، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئىشخانا مۇدىرى چېن خۇڭشىڭ، 3 - مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ما جىن، 4 - مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى دەي چېنجىڭ، مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى سۇڭ گوچىڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستافا ياڭ جىبو، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى. گۇيجۇدا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، قېرىنداش مەكتەپلەر ھەمدە بىر قىسىم مەكتەپداشلار تەبرىك خېتى ۋە تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرىم خاتىرىلەش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

خاتىرىلەش يىغىنى جەريانىدا يەنە 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسى، سوتسىيالىستىك يادرو قىممەت قارىشى تەربىيەسىنى مەكتەپلەرگە ئېلىپ كىرىش سۆھبەت يىغىنى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى كونا مەكتەپداشلار ۋە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

---

* بېشى 1 - بەتتە

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى www.uygharkitap.com

**本刊特辑**

1中国伊斯兰教经学院庆祝建院60周年

**伊斯兰学术研究**

4《古兰经》经文和圣训中的赞词/喀哈尔・阿卜杜瓦日斯

9 浅谈注释与注解 / 买买提明・买合木提

**古兰经注释**

12"我却已优待阿丹的后裔"——《古兰经》"夜行章"70 节的简明注释 /西哈布丁・艾海提

**圣训分析**

16 祈祷改变前定，善行延长寿命/阿地里江・阿吉克力木

**善行与功修**

21 有效的讲卧尔兹是正确引导信教群众的基础/瓦哈甫・买买提

**卧尔兹**

29 伊斯兰教重视教育/买买提玉素甫・胡赛因

33 让我们紧紧把握知识，为团结打好基础/买买提・阿布都艾则孜

**美德**

36 浅谈诚实理念/买买提阿布拉・阿布都艾尼

**父母与子女**

39 让我们重视子女教育/吐尔逊尼亚孜・阿吾提

41 子女教育是我们当务之急的职责/阿布都吾甫尔・阿不都热依木

**伊斯兰学者**

45 伊玛目苏伊提及其学术生涯/买买提・阿不都热依木

**著名清真寺与经堂**

49 奇台汗艾热克清真大寺/加如拉・玉苏甫

**读者心声**

52 浅谈部分年轻人忽视的一个现象/阿布力米提・马木提

**国际视野**

56 让宗教成为人类和平与和谐的源泉

—摩洛哥"在伊斯兰国家，少数群体宗教权利"国际会议纪实

/阿地里江・阿吉克力木　马杰



ھىندىستان دېھلى جامە مەسچىتىنىڭ ئىمامى سەيىد ئەھمەد بۇخارى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2016 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى.



2016 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مۇفتىسى مەقسەتبېك توختەمۇش باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلدى.





2016 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، رۇسىيە مۇفتىلار ھەيئىتى ۋە ئۆزبېكىستان مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى رۇسىيە، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئىككى دۆلەتتە رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.



2016 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە، 2016 - يىللىق دۆلەت سىرتىدىكى ھەج مۇلازىمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا خىزمەت زىيارىتىدە بولدى.



2016 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 47 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2016 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆت ۋىلايەت - ئوبلاستتىكى مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇللىرى كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2016 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى 2016 - قارارلىق ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى رامىزان، شەمسىددىن، يۇنۇس تارتقان)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ISSN 1007-5836

9 771007 583001 06>

公开发行

《中国穆斯林》（维吾尔文版）
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)

国际标准刊号：ISSN1007—5836
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN11—1346/B
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:

国内邮发代号：（新）58—167
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:

国外发行代号：Q1720
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:

定价：5.00元
ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 5.00 يۈەن